ھېكمەتلەر گۈلىستانى

# ھەركىمنىڭ ئىززىتى ئۆز ھالىچە

(بوستان)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلستانى

# ھەركىمنىڭ ئىززىتى ئۆز ھالىچە

(بوستان)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئابدۇمىجىت سىراجى

مەمەتئېلى جاپپار

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ھەركىمنىڭ ئىززىتى ئۆز ھالىچە» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر پارس شائىرى سەئدى (1203 – 1292) نىڭ ھاياتى ۋە «بوستان» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# شەيخ سەئدى ۋە ئۇنىڭ ئەجادىيەتلىرى

سەئدى، سېنىڭ پاساھەتلىك تىلىڭ ئەبەدىي جاھانغا تارىلىدۇ، شېئىرلىرىڭدىكى قۇياش ئالەمگە مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

— ئېمېرسون

## 1. شەيخ سەئدىنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە مەلۇمات

گېيوتى ئۆزىنىڭ «شەرق ۋە غەرب دىۋانى» دا: «پارسلار ئۆزلىرىنىڭ 500 يىللىق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن شائىر - يازغۇچىلىرى ئىچىدە يەتتىسىنى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ قاراپ كەلدى. بۇنىڭ راستلىقىدا گەپ يوق، ئەمما راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار تىلغا ئالمىغان شائىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.»[1] دېگەنىدى. گېيوتى تىلغا ئالغان يەتتە شائىر ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، نىزامى گەنجىۋى، جالالىدىن رۇمى، مۇھەممەد ئەنۋەرى، شەيخ سەئدى ۋە ھافىز شىرازىلاردىن ئىبارەت.

شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى (1203 — 1292)

---

[1] «چەت ئەل ئەدەبىياتى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى 49 - بەت.

پارس ـ تاجىك خەلقىنىڭ ئالىيجاناب، ئىنسانپەرۋەر شائىرى. ئۇ پارسىنىڭ شىرازى شەھىرىدە بىر تۆۋەن قاتلام ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. سەئىدىنىڭ ياشىغان دەۋرى خارەزملىقلارنىڭ ئىرانغا قىستاپ كىرىشى بىلەن سەلجۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھالاك بولغان، ئارقىدىنلا مىلادىيە 1219 ـ ۋە 1256 ـ يىللىرى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ھۇلاكۇ خان ئىككى قېتىم ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىراننى ئىستېلا قىلغان ھەمدە ھۇلاكۇ خانلىقى (ئىلخان خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، يات مەملىكەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئىرانغا بېسىپ كىرىشى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ۋە پاراكەندىچىلىك ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. شەيخ سەئىدىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن جاھان ھەبەشنىڭ چېچىدەك چېچىلدى. ئادەملەر بولسا چىلبۆرىدەك بولۇپ قالدى.»

شەيخ سەئىدى كىچىك چېغىدا ئانا يۇرتى شىرازدا ئوقۇغان. كېيىن باغدادقا بېرىپ، «نىزامىيە» مەدرىسىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ پارس ـ تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە پۇختا ئاساس سالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، سەئىدى ھاياتىنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى ساياھەت بىلەن ئۆتكەن. ئۇ 14 قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلغان. غەربتە شىمالىي ئافرىقىغا قەدەر بارغان، ئەرەب سەھرالىرىنى تولۇق كەزگەن. مىسىر، ھەبەشىستان، تۈركىيە قاتارلىق

ئەللەرگە بارغان. دەمەشىق، ئېرۇسالىم، تىرىپولى، ھەلەپ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلغان. شەرقتە ئافغانىستان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادا زىيارەتتە بولغان، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ ئەزىزانە قەشقەر شەھىرىگىمۇ كەلگەن. ئۇنىڭ چەت مەملىكەتلەردە قىلغان سەپەر - ساياھەت ۋاقتى 30 يىلدىن ئاشقان. ئۇ نۇرغۇن جايلاردا دەبدەبىلىك قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. مىلادىيە 1256 - يىلى ئۇ سەپەر - ساياھەت ھاياتىنى توختىتىپ، يۇرتى شىرازغا قايتىپ كەلگەن.

شەيخ سەئىدىنىڭ ساياھەت ۋە سەپەر ھاياتى مەزمۇنغا ئىنتايىن مول، ئۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. نۇرغۇن ۋەقە - ھادىسىلەرنى بىۋاستە كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان. ئۇ 30 يىللىق سەپەر جەريانىدا دەرۋىشلىك ھاياتىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزۈلگەن. ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى ۋاقتىدا فرانسىيىلىكلەرگە ئەسىر بولۇپ قالغان. چوڭ شەھەرلەردە ئالىم - دانىشمەنلەرنىڭ سۆھبەت - مۇنازىرىلىرىگىمۇ قاتناشقان. يات يۇرتلاردا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىنى، ئۆلۈم خەۋپىنى، ئاچلىق - موھتاجلىق دەردىنى تارتقان. ئەمما شائىر ساياھەتتىن ئىبارەت بۇ مەكتەپتە كۆپ بىلىملەرنى ئالغان. بۇ بارغانلىكى يەردە تۇرمۇشنى زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن كۆزىتىپ، ئاجايىپ مول ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇلار شائىرنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ مول مەنبەسى بولۇپ قالغان. شائىر مىلادىيىنىڭ 1292 - يىلى 90 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ شىرازدىكى قەبرىسى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان مۇقەددەس مازار سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلانغان.

## 2. «گۇلىستان» ۋە «بوستان»

شەيخ سەئدىنىڭ «گۇلىستان» (1258 - يىلى يېزىلغان) بىلەن «بوستان» (1257 - يىلى يېزىلغان) دىن ئىبارەت ئىككى نادىر ئەسىرى پارس - تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدىلا ئەمەس قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپ قالماستىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ بىر نامايەندە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار پەقەت بەدىئىي قۇرۇلما ۋە ماھارەت جەھەتتىنلا بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

«گۇلىستان» بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن، ئاساسەن نەسرىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە كۆپلىگەن نادىر شېئىرلار ۋە قاپىيىلىك ھېكمەتلەر بار. پۈتۈن ئەسەر بىر دىباچە (مۇقەددىمە)، بىر خاتىمە ۋە سەككىز باب بولۇپ، جەمئىي ئون چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بۇ ئون چوڭ بۆلەك جەمئىي 180 قىسقا ھېكايەت، 102 ھېكمەتلىك - ئىبرەتلىك مىسرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەسەردە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى، بولۇپمۇ 13 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رەڭگارەڭ رېئال مەنزىرىسى مۇپەسسەل سۈرەتلەنگەن. ئەسەردە ئادالەتلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق، مېھىر - مۇھەببەت، سېخىيلىق، ئالىيجانابلىق ۋە باشقا گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەتلەر پاساھەتلىك تىل ۋە گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلەنگەن.

قالاقلىق، جاھالەت، رىياكارلىق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك، زالىملىق، پەسكەشلىك ۋە باشقا چىركىنلىكلەر ھەجۋىي تىل بىلەن قامچىلانغان. ئەسەر پەلسەپە، دىن، جەمئىيەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، تەلىم ـ تەربىيە قاتارلىق ساھەلەر توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە تارىخ، گېئوگرافىيە، ئېتنوگرافىيە، ئىرق، مىللەت، دۆلەتكە ئائىت مول ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇشۇ سەۋەبلىك، كىشىلەر «گۈلىستان» نى «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

«بوستان» ئاساسەن شائىرنىڭ پەلسەپىۋى لىرىك شېئىرلار مەجمۇئەسى بولۇپ، ئۇ ئىنسان ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى بولغان خەير ـ ئېھسان، مېھىر ـ شەپقەت، پىكىر ـ تەدبىر، قانائەت، رازىلىق، ئادالەت، مەردلىك ـ ساداقەتلىك، خەلقپەرۋەرلىك ۋە ئۆزۈن بىر مۇقەددىمىدىن تەركىب تاپقان. ئون بابلىق 200 دىن ئارتۇق كىچىك ھېكايىلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بۇ ئەسەردە شائىرنىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت قارىشى رەڭگارەڭ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. «بوستان» نىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ ھەر بابى قىسقا ھېكايە ياكى مەسەللەردىن تەشكىل قىلىنغان. ئۇنىڭغا مۇئەللىپىنىڭ قىستۇرما بايانلىرى ناھايىتى ئىخچام بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىدىيىۋى قاراش ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ماھىيەتتە يەكۈن خاراكتېرىگە ئىگە.

«بوستان» سەئدىنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى بولغاچقا،

ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتورغا مىسلىسىز شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن. جەمئىيەتتىكى ئەمەلدار ـ كاتتىلار ۋە تەقۋادارلار، سەنئەت ئەربابلىرى شائىرغا بولغان پوزىتسىيىسىنى دەرھال ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان. ئوردا شائىرلىرى سەئىدىنى ئوردا شائىرى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شائىر بۇنىڭغا ئۇ دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كەتمىگەن، بەلكى ئۇ: «ئۆز ئەجرىمگە تايىنىپ جان باقىنىم، تىنچ ئولتۇرۇپ ئارام ئالغىنىم ئالتۇن كەمەر باغلاپ ئوردا خىزمىتىدە بولغىنىمدىن كۆپ ئەۋزەل!» دېگەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان.

«گۇلىستان» بىلەن «بوستان» خاراكتېر جەھەتتىن دىداكتىك ئەسەر ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار، تۇرمۇش جەۋھەرلىرى، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر، قىسقا ھېكايەتلەر، تەسىرلىك ھېكمەتلەر كىتابخانلارنى باشقىچە ئەسىر قىلىۋالىدۇ.

شەيخ سەئىدىنىڭ «گۇلىستان» ۋە «بوستان» دىن باشقا، يەنە نۇرغۇن لىرىك رۇبائىي ۋە قەسىدىلىرى بار. بۇلار كېيىن توپلىنىپ، 15 توملۇق «كۇللىيات سەئىدى» نامى بىلەن نەشر قىلىنغان.

## 3. شەيخ سەئىدىنىڭ دۇنياۋى ئورنى ۋە تەسىرى

شەيخ سەئىدى ئۇلۇغ غايىگە، غايەت زور مەنىۋى دۇنياغا ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە مۇتەپەككۇر شائىر. ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن جاھانغا تارالغان. خۇددى ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر

www.uyghurkitap.com

شائىرى شىر ھېدۋىن ئارنولد (1832 – 1904) نىڭ ئېيتقىنىدەك، «دۇنيادىكى پىكىر يۇرگۈزۈشكە ماھىر كىشىلەر بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى ياشىغان شائىر شەيخ سەئىدىنى ھەم قەدىمگە مەنسۇپ، ھەم ھازىرغا مەنسۇپ مۇتەپەككۇر دەپ ھېسابلايدۇ.»[1] «گۈلىستان» نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ك. ئي. ھاپىتۇن شەيخ سەئىدىگە باھا بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سەئىدى قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە پايدىلىق دوستى. ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان كىشى ئۆز ھاياتىدا جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.»

شەيخ سەئىدى ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە بىر تەرەپلىمىلىككە قارشى تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ تار ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىككە قارشى ھالدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى مەدھىيىلەيتتى. ئامېرىكا شائىرى ۋە پەيلاسوپى ئېمېرسوننىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «شەيخ سەئىدى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قىزغىن سۆيەتتى.» شەيخ سەئىدى دۆلەت، رايون، ئىرق، مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقاد چېگراسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى ئىنسانپەرۋەر شائىر بولغاچقا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىشان - مەقسەت مىزانى سۈپىتىدە، ب د ت باش شتابىنىڭ تېمىغا رامكا ئىچىگە ئېلىنغان:

---

[1] «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت.

بىر پۇتۇن بەدەندە ھەر ئادەم ئەزا،
بىر ئۇزۇك جەۋھەردىن ھەممىسى بىنا.
تېنىڭدە بىر ئەزا بولسا گەر بىمار،
ھەممىدە قالمايدۇ سەۋرى ھەم قارار.[①]

سەئىدىنىڭ بۇ شېئىرى ئامېرىكا شائىرى رۇن فېللوۋغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىغا ئايلانغان. ئەنگىلىيىنىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناسى ۋىليام «گۈلىستان»نىڭ ئىنگىلىزچە تەرجىمىسىنى ئەنگىلىيىنىڭ بۈيۈك شائىرلىرى ئالېكساندىر پوپى بىلەن جون دىرېدىننىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان. جونېس يەنە «پارس تىلى گرامماتىكىسى» دېگەن كىتابتا «گۈلىستان» نى پارس تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى دەرسلىكى دەپ كۆرسەتكەن. ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم ۋە شائىر ئېدۋارد فىسجرالد جۇنېسنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، 1854 ـ يىلى پارس تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا «گۈلىستان»نى دەرسلىك قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىناس مەھبۇبى فىرس كرالدغا يازغان مەكتۇپىدا ئۇنىڭغا پارس تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا «گۈلىستان» نى كۆپ ئوقۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن. ئامېرىكا يازغۇچىسى ج. د. يۇھانان ئۆزىنىڭ «ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «بوستان»غا يۇكسەك باھا بېرىپ: «ئۇنىڭ قۇر ـ مىسرالىرى

[①] شەيخ سەئىدى: «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 84 ـ بەت.

‹ھەدىس› بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېگەن.

دېمەك، شەيخ سەئدى ناھايىتى بۇرۇنلا غەرب ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە باشقا لىرىكىلىرى غەرب ئەدەبىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن يازغۇچى ۋە شائىرلار شەيخ سەئدىنىڭ ھېكمەت دۇردانىلىرىنى قوبۇل قىلغان ياكى ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆرنەك قىلغان. بۇ توغرۇلۇق ئامېرىكا پەيلاسوپى ۋە شائىرى ئېمېرسون مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «غەربتە ئەل ئارىسىدا تارقالغان نۇرغۇن ھېكايەت ۋە ھېكمەتلەرنىڭ ئەسلىي مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسە، شەيخ سەئدىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.»[1] فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگو تەرجىمە ۋاستىسى ئارقىلىق سەئدى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. چۈنكى، ۋىكتور ھيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرى فرانسۇز ۋە ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. ھيۇگو سەئدى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بۇ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇشۇ سەۋەبلىك، ھيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا»سى بىلەن سەئدىنىڭ «بوستان» ئەسىرى قىسمەن جايلاردا ۋەقەلىك سۈژىتى، تەرەققىياتى ۋە خاتىمە جەھەتتىن ئۆزئارا پاراللېل كېلىدۇ. غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىرى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شائىر ھيۇگونى

---

[1] «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 12 ـ بەت.

«ئىرانچە ئۇسلۇبلۇق فرانسىيە رومانتىزم شائىرى» دەپ ئاتىشىدۇ. ھيۇگو سەئىدىدىن باشقا پارس ـ تاجىك كلاسسىكلىرىدىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ ناپولېئون III نىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسىدىن قورقماي، ئۇنىڭ زالىملىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، شۇڭا، ئۇ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى كەبى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، خارۇ سەرگەردان بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى، فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات تارىخى ئوبزورچىسى زىنىرى ماسسى ھيۇگونى «فرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىياتى دەۋرىنىڭ فىردەۋسىسىدۇر»[1] دەپ ئېيتقان. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ھيۇگونىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانىدا ياراتقان باش پېرسوناژ ژان ۋالژاننىڭ كەچۈرمىش سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇشكۈلاتقا قالغاندا باش روھانىنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىتى بىلەن شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» ئەسىرىنىڭ 4 ـ باب 10 ـ ھېكايەتتە ياراتقان بىر شائىرنىڭ مۇشكۈلاتقا يولۇققاندا قاراقچىلار باشلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىتى سۇژېت، ئاساسىي ئىدىيە ۋە نەتىجە جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن، ئۇلارنىڭ يەكۈنىچە، ھيۇگو شەيخ سەئىدى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى تەقلىد قىلغان. ھيۇگو ئۆزىنىڭ «شەرق دىۋانى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ بېشىدىلا «گۈلىستان» نىڭ دىباچە (مۇقەددىمە) سىدىكى «كىرىشتىن بۇرۇن چىقىشنى ئويلا» دېگەن ھېكمەتنى

---

[1] «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 13 ـ بەت.

ئىشلەتكەن. بايان جەريانىدا شەيخ سەئىدىنىڭ تەسۋىرلەش ئۇسلۇبى ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىنى بېزىگەن. غەرب ئوبزورچىلىرىنىڭ قارىشىچە، هيوگو هايات چېغىدا پارس ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، سەئىدى شىرازى بىلەن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگە چوقۇنغان. بۇ خىل خاھىشنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەكس ئېتىلىشى ھەرگىزمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن گېرمانىيىنىڭ جاھانشۇمۇل شائىرى جون ۋولفگاڭ گيوتىمۇ ئۆزىنىڭ «شەرق ـ غەرب دىۋانى» (توغرىسى: «غەرب شائىرىنىڭ شەرق ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلىرى») دا پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن ھافىز شىرازى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئىدى ۋە جالالىدىن رۇمىغا يۈكسەك ئەقىدە قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئالغان. بۇنى ئۇنىڭ پارس تىلىنى «شېئىرىيەت دۆلىتى» دەپ قاراپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى يازغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

شېئىرنى بىلمەكلىك بولسا گەر مەقسەت،
شېئىرىيەت ئېلىگە قىلغىن ساياھەت.
نىيىتىڭ گەر بولسا شائىرنى تاپماق،
شائىرلار مۇلكىدە شائىر بىغايەت. [1]

«گۈلىستان» ۋە «بوستان» ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە

---

[1] گيوتى: «شېئىرلار دىۋانى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 303 ـ بەت.

قىلىنغاندىن كېيىن، نۇرغۇن يازغۇچى - شائىرلار بۇ بىباھا بايلىقتىن ئەڭ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان. بۇلاردىن بىرى — فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق مەسەل (كىنايە) شائىرى جېنان لافۇنتاينې (1621 — 1695) دۇر. ئۇنىڭ «كىنايىلىك شېئىرلار» (6 توم) ئىچىدىكى «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك»، «بىر موڭغۇلنىڭ كۆرگەن چۈشى»، «بېخىل باينىڭ ئالتۇنىنىڭ تاغقا ئالماشتۇرۇلۇشى» قاتارلىق ھېكايەتلەر غەرب ئالىملىرىنىڭ دەلىللىشىچە، «گۈلىستان» دىن ئېلىنغان ياكى ئۇنىڭغا تەقلىدىي يېزىلغان. فرانسىيىنىڭ داڭلىق تارىخچىسى، پەيلاسوپى ۋە يازغۇچىسى ۋولتېر (1694 — 1778) «گۈلىستان» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆز تەسىراتىنى ئېلان قىلغان ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان.

فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، «فرانسىيىنىڭ تولستويى» (گوركىينىڭ سۆزى) دەپ نام ئالغان رومېن روللان ۋە ئۇنىڭ ئايالى روللان خانىم شەيخ سەئدى ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەن.

ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان» ىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇئەييەن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. گېرمانىيىنىڭ شائىرى روسكرېت (1788 — 1866) كۈندىلىك خاتىرىسىگە شەيخ سەئدىنىڭ شېئىرلىرىنى خاتىرىلىۋالغان. گېرمانىيىلىك مۇتەپەككۇر شائىر خېردېر، فرانسىيىلىك شائىر مۇسسېت ۋە بالزاك قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە شەيخ سەئدىنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. 20 -

ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە پارىژدا ۋاپات بولغان ھارىرقى زامانىنىڭ مەشھۇر شائىرى ئېۋرىن مانىيوئېر شەيخ سەئىدىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۆلمەس ئەسەرلەر دېگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئائىلە ۋە مەكتەپ ھەققىدىكى شېئىرلار» دېگەن ئەسىرىدە «گۈلىستان» نىڭ 2 ـ باب 7 ـ ھېكايىتىنى ئازراق ئۆزگەرتىپ پايدىلانغان ھەمدە ھېكايەت ئاخىرىدىكى يەكۈن خاراكتېرلىك شېئىرنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ، ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

18 ـ ئەسىردىكى ئەنگىلىيە شائىرى جونېس شەيخ سەئىدىنىڭ «شاھلار ـــ دەرەخ، خەلق بولسا يىلتىزى؛ يىلتىز ھايات بېرەر ئۆسكەن شاخلارغا»[1] دېگەن شېئىرىنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان.

فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ھېنرى ماسسى شەيخ سەئىدى توغرۇلۇق مەخسۇس بىر بىئوگرافىيىلىك ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتى بىرقەدەر زور. ئۇ «بوستان» نى «ئەخلاق ـ پەزىلەت ئېپوسى» دەپ مەدھىيىلىگەن. ھېنرى ماسسىنىڭ قارىشىچە، شەيخ سەئىدى غەربتە يۈكسەك شانۇشەۋكەتكە ئىگە. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، سەئىدىنىڭ ئىدىيە ـ مەۋقەسى غەربنىڭ ئىدىيە ـ مەۋقەسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. سەئىدىنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ ماھىيىتى شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ماسسى ئومۇمەن سەئىدى ئارقىلىق پارس ئەدەبىياتىنىڭ ياۋروپاچە ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ چىقالىغان. ئەنگلىيە ئىرانشۇناسى

---

[1] «بوستان»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 ـبەت.

ئى. گى. بىراۋن ئۆزىنىڭ «ئىران ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق يىرىك ئەسىرىدە، شەيخ سەئىدى ئىدىيىسى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى تەپسىلىي شەرھلەپ، سەئىدى ئىدىيىسىنى تەرغىب ۋە تەشەببۇس قىلغان. ئۇ سەئىدى ئىدىيىسى پۈتكۈل دۇنيادا ئاقىدىغان ئىدىيە دەپ ئېيتقان.

فرانسىيىلىك مۇتەپەككۇر، ئوبزورچى ۋە يازغۇچى ئېۋنېست لىنان سەئىدى توغرىسىدا توختالغاندا، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «مېنىڭچە، سەئىدى پۈتۈنلەي بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز، ئۇنىڭ كەڭ تېماتىك قىزىقىشلىرى، پاساھەتلىك تىل ھۈنىرى، باشقا شەرق يازغۇچىلىرىدا كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىزگە ئەڭ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ.» «بوستان» نى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان مېناردىنىڭ قارىشىچە، شەيخ سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن شائىرانە خىسلەت خوراسى (قەدىمكى گرېك شائىرى) غا، تىلىنىڭ ئىخچام ۋە مەزمۇنلۇقلۇقى پولنوس ئوۋېدى (قەدىمكى گرېك شائىرى)غا، ئۆتكۈر يۇمۇرلۇقلۇقى فرانسىيە يازغۇچىسى رابلاسقا،ئۇسلۇب ئىخچاملىقلىقى ج. د. فونتايىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئامېرىكا پەيلاسوپى ئېمېرسون ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى شېئىرلىرىدا كۆپ يەردە سەئىدىنى تىلغا ئېلىپ، «سەئىدى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئەخلاق ۋە جەمئىيەت قارىشى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە باب كېلىدۇ، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىنسانىيەتنى ئويلىغان شائىر» دەپ قارىغان. گېرمانىيە مۇتەپەككۇر شائىرى خېردېر سەئىدىنى «ئەخلاق - پەزىلەت بابىدا تېپىلماس پىر ئۇستاز» دەپ ماختىغان. ئاۋستىرىيىنىڭ مەشھۇر ئالىمى خامىر

پوگېستال ئۆزىنىڭ «پېرسىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە سەئىدىگە يۈكسەك مەدھىيىلەرنى ئوقۇغان. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، سەئىدى شېئىرلىرىدىن ئىككى مىسرانى تاللاپ ئۆزىگە ئاخىرەتلىك قەبرە تەزكىرىسى قىلغان.

17 ـ ئەسىردە، فرانسىيىلىك شەرقشۇناس رولئېر «گۈلىستان» دىن تاللانغان شېئىرلارنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ، «گۈلىستان ئېلى» نامى بىلەن پارىژدا نەشر قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن، ئاكسىن باخ ئۇنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن «گۈلىستان» نىڭ غەربتىكى تەسىرى كۆنسېرى ئېشىشقا باشلىغان. 1651 ـيىلى گېنتوس «گۈلىستان» نى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1654 ـ يىلى «ئىرانغا سەپەر» ناملىق ئەسەرنى يازغان مەشھۇر سەيياھ ئالىئارىئوس (گېرمانىيىلىك) «گۈلىستان» نى يەنە بىر قېتىم گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1774 ـ يىلى سېتەرئىن «گۈلىستان» دىكى ھېكايەتلەرنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان. 1894 ـ يىلى «ئىرانغا سەپەر» ۋە «گۈلىستان» نىڭ گېرمانچە تەرجىمىسى قايتا نەشر قىلىنغان كۆنى گوللاندىيە تىلىدىن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «بوستان» «ئىران گۈلزارى»نامى بىلەن نەشر قىلىنغان. 1762 ـ يىلى «شەرق ئەنئەنىسى — سەئىدىنىڭ ئەخلاق قارىشى» ناملىق كىتاب فرانسىيىدە نەشر قىلىنغان. بۇ ئەمەلىيەتتە 1696 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بوستان» نىڭ باشقا نام بىلەن قايتىدىن نەشر قىلىنىشى ئىدى. 1828 ـ يىلى فالكىنور «بوستان» دىن تاللانغان شېئىرلارنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1850 ـ يىلى گراف «بوستان» نى پارس تىلىدىن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ شۆھرەت قازاندى. 1862 ـ يىلى ك. ھ. كاراف «بوستان» دىكى

ھېكايەتلەرنىمۇ شېئىرلاشتۇرۇپ ۋېنادا نەشر قىلدۇرغان، شۇنداق قىلىپ شەيخ سەئىدىنىڭ مۇبارەك نامى پۈتكۈل غەربكە ئومۇملاشقان. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ياۋروپادا «گۈلىستان» بىلەن «بوستان» تولۇق نۇسخىسى بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ، ئېسىل نەقىشلىك مۇقاۋا بىلەن نەشر قىلىنغان. 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، مەشھۇر تەرجىمان دېفرمېرى «گۈلىستان»نى، بابېرمېناد «بوستان» نى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تەپسىلىي ئىزاھات بىلەن نەشر قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گراف «گۈلىستان» نى گېرمان تىلىغا، نىزاريانت رۇس تىلىغا، ئىستۋك ئىنگلىز تىلىغا، كازىمىرسكى پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن شەيخ سەئىدى ئەسەرلىرى پارس مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئورگانىك باغلىنىشلىق قىلىپ قويغان. دېمەك، شەيخ سەئىدى ھەقىقەتەنمۇ دۆلەت، مىللەت، دىن چېگراسىدىن ھالقىغان دۇنياۋى شائىر. ھازىرقى تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «گۈلىستان» دۇنيادا 60 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ قېتىم قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. «بوستان» نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ۋە قايتا ـ قايتا بېسىلىشىمۇ «گۈلىستان» غا يېقىنلىشىدىكەن. ئىراننىڭ ھازىرقى زامان ئالىمى مۇزەپپەر بەختىيارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، دۇنيادا «گۈلىستان» بىلەن «بوستان» ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىلا بىر توم بولىدىكەن[1]. ھايتى «ئىران مەدەنىيىتى» دە، مەسىن «سەئىدىنىڭ ھاياتى» دا، ئاربار «ئىراننىڭ قەدىمكى

---

[1] «ئىران ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى 1993- يىل خەنزۇچە نەشرى، 17-بەت.

ئەدەبىياتى» دا شەيخ سەئدى ئەسەرلىرىنىڭ ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمە مۇندەرىجىسىنى ئىشلەپ بىر كىتاب چىقارغان. 17 - ئەسىردىن ئېتىبارەن، 300 يىل ئىچىدە غەربنىڭ 80 نەچچە ئالىمى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن شەيخ سەئدىنىڭ ھاياتى، ئىدىيىسى، ئۇسلۇبى، تىلى توغرۇلۇق مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىققان. 1980 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە دۇنيا مىقياسىدا شەيخ سەئدى بىلەن ھافىز شىرازىنى خاتىرىلەش يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. دۇنيادىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلار، مەدەنىيەت ئورگانلىرى بۇ پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلدى. سەئدىنىڭ ئەسەرلىرى يېڭىۋاشتىن ھەرخىل تىللاردا نەشر قىلىندى. كۆپلىگەن مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى. ئىران ۋە تاجىكىستاندا سەئدىگە ئاتاپ مەخسۇس ئابىدىلەر ياسالدى.

شەيخ سەئدى غەربتىلا ئەمەس، شەرقتىمۇ ناھايىتى كاتتا ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە. جۇڭگودا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇندىنلا مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتقان، 13 - ئەسىردە جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن ئىسپانىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ئىبن باتتۇتا (1304 — 1377) ئۆزىنىڭ «ئىبن باتتۇتا ساياھەت خاتىرىلىرى» دە خاڭجۇ مەھكىمىسىنىڭ كۆل بېغىدا كىشىلەرنىڭ سەئدى شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى خاتىرىلىگەن. شەيخ سەئدى «گۇلىستان» دا كۆپ يەردە جۇڭگونى، بىر - ئىككى يەردە قەشقەرنىمۇ تىلغا ئالغان. دۆلىتىمىزدە «گۇلىستان» 1947 - يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇنى ئىلىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئالىمى (خۇيزۇ) ۋاڭ جىڭجەي پارس تىلىدىن بىۋاسىتە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1958- يىلى شۇي جيەنشياڭ ئەپەندى «گۇلىستان» نى ئىنگلىز تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1989 - يىلى جاڭ خۇڭنيەن ئەپەندى «بوستان» نى پارس تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرىدە شەيخ سەئىدىنىڭ «گۇلىستان» ۋە «بوستان» ئەسەرلىرى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس قىلىپ ئۆتۈلىدۇ. جۇڭگونىڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئەدەبىيات ئېنسىكلوپېدىيىلىرى، قامۇسلىرى ۋە لۇغەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە شەيخ سەئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بەلگىلىك سەھىپە ئىگىلەيدۇ. ئىلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا، شەيخ سەئىدى تاجىك، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئارىسىدا تېخىمۇ شۆھرەتلىك. ئۆزۈن زامانلار مابەينىدە، «گۇلىستان» ۋە «بوستان» مەدرىسىلەردە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە دەرسلىك قىلىنغان. خەلق ئارىسىدا «گۇلىستان» ۋە «بوستان» نىڭ ھەرخىل قولىيازمىلىرى ۋە باسما نۇسخىلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. 1984 - يىلى مەرھۇم رەھمىتۇللا جارى ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، مىللەتلەر نەشرىياتى «گۇلىستان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدى. 1983 - يىلى قۇربان بارات ئەپەندىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى «بوستان» نى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدى.

سەئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر. شائىرنىڭ ھېكايەتلىرى

ئېلىمىز تاجىك خەلق ھېكايە ـ چۆچەكلىرى بىلەن پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن. شائىرنىڭ تەپەككۇر دۇردانىلىرى ئېلىمىز تاجىك خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالىغا ئايلانغان. مەسىلەن:

ئەيكى مىگۇيەم بەخۇبان ئاشنايى مۇشكۇل ئەست،
ئاشنايى مىتەۋان كەردەن جۇدايى مۇشكۇل ئەست.
شىشەيى سەد پارەرا پەيۋەندى كەردەن مۇشكۇل ئەست،
دىل ئەگەررەنجىد ئەزكەس خۇرسەند كەردەن مۇشكۇل ئەست.

تەرجىمىسى:
پانىي ئالەمدە ۋاپادار ياخشى دوست تاپماق قىيىن،
ياخشى دوستتىن ئايرىلىپ ئۆنىڭدىن جۇدا بولماق قىيىن.
بولسا ئەينەك پارە ـ پارە ھېچقاچان بولماس پۈتۈن،
دوستىدىن گەر رەنجىسە دىل خۇرسەندۇ ـ خۇش قىلماق قىيىن.

«تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» دىن ئېلىندى.

# سەئىدىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىدىكى يۇكسەك ئورنى

دوكتور مۇزەپپەر بەختىيار (ئىران)

سەئىدى سۆزلىرىڭ تارقالغۇسى هەر تەرەپكە،
شېئىرلىرىڭدىكى قۇياش پاتماس ئەبەدكە.

— ئېمېرسون

سەئىدىدىن ئىبارەت مەنىۋى دۇنياسى ناھايىتى باي، كۆكسى - قارنى كەڭ، يۇكسەك گۇمانىستىك روھقا ئىگە بۇ شائىرنىڭ تەسىرى ھەققىدە دۇنيانىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئارنولد (1832-1904،Sir Edwin Arnold) مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن دۇنيادىكى پىكىر يۇرگۈزۈشكە ئامراق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەئىدىدىن ئىبارەت يەتتە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن بۇ شائىرنى ھەم ئۆتمۈشكە، ھەم بۈگۈنگە مەنسۇپ، دەپ قارىشىدۇ»، «گۈلىستان»دىن تاللانمىلارنى تەرجىمە قىلغان خامپتون (C·E·Hampton) نىڭ قارىشىچە، سەئىدى قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەممە ئادەملەرنىڭ ياخشى ئۇستازى، يېقىن دوستى بولۇپ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولغان.

سەئدى كۆپ ساندىكى پارس شائىرلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش بىر تەرەپلىمىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھەممە ئادەمگە باراۋەر، ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھېچقاچان ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى تار ئىرقىي دائىرىدە چەكلەپ قويمىغان، خۇددى ئامېرىكىلىق شائىر ۋە پەيلاسوپ ئېمېرسون (R. W. Emerson 1803-1882) سەئدى ھەققىدىكى مەشھۇر شېئىرىدا ئېيتقىنىدەك: «سەئدىنىڭ سۆيىدىغىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتتۇر.» سەئدىنىڭ دەل مانا شۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ۋە ئادەمنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان مېھىر - مۇھەببىتى ئۇنىڭ مەشھۇر شېئىرى:

پۈتۈن ئادەمزات تۇتاشقان ئەزا،
ئۇلار بىر جەۋھەردىن يارالغان يانا.

نى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان شوئارغا ئايلاندۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابىغا ئېسىپ قويۇلدى.

ئەنگلىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس ۋىليام جونېس (Sir William Jones) «بوستان»نىڭ ئىنگلىزچە مۇنەۋۋەر تەرجىمىسىنى ئەنگلىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى پوپې (1688 – 1744) ۋە درىيدېن (1631 – 1700) لارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ.

جونېس پارس تىلى گراماتىكىسىغا دائىر بىر كىتابىدا، «گۈلىستان»نى پارس تىلى ئۆگىنىشنىڭ دەسلەپكى ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە تونۇشتۇرىدۇ. ئۆمەر ھەييام

رۇبائىيلىرىنىڭ مەشھۇر تەرجىمانى فىتز جرالد جونىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە، پارس تىلى ئۆگىنىشىنىڭ باشلىنىشى سۈپىتىدە 1854 - يىلى «گۇلىستان»نى ئوقۇيدۇ ھەم يېقىن دوستى كوۋېل (Elizabeth Cowell) خانىمغا يازغان سۆزلىرى ئاجايىپ پاساھەتلىك مەكتۇپىدا بۇ ئەسەرنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، سەئىدى خېلى بۇرۇنلا غەرب يازغۇچىلىرى ۋە شائىرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى غەرب ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەم قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئامېرىكىلىق شائىر ۋە پەيلاسوپ ئېمېرسوننىڭ قارىشىچە، غەرب خەلقلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن ھېكايىلەر ۋە ئىدىئوملارنىڭ باشلىنىش مەنبەسى سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن.

فرانسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگو تەرجىمە نۇسخىلىرى ئارقىلىق سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇنىڭ «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانىدىكى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاچقۇچى بولغان بىر تەپسىلات بىلەن «بوستان»دىكى بىر ھېكايەتنىڭ ناھايىتىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. سەئىدىنىڭ «بوستان» ۋە «گۇلىستان» ئەسەرلىرى «پاجىئەلىك دۇنيا» نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇنلا 1962 - يىلى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەم باشقا بىرقانچە ياۋروپا تىللىرىدىكى تەرجىمىلىرى نەشردىن چىقىپمۇ بولغانىدى. ھيۇگوغا نىسبەتەن گېرمانچە ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمىلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى زور.

شەرقنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئىراننىڭ ھيۇگونىڭ

ئىدىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر. ھەتتا ياۋروپا ئوبزورچىلىرى ئۇنى «ئىران بىلەن ئەڭ پىششىق تونۇشىدىغان فرانسىيىلىك رومانتىزمچى شائىر» دەپ ئاتاشقان. ئۇ ئىراننىڭ بۈيۈك شائىرى فىردەۋسىكە ئوخشاش، خاننىڭ ئىمتىيازى ۋە ھەيۋىسىدىن قىلچىمۇ قورقماستىن، ناپولېئون IV كە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن سۈرگۈنگە ھەيدەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات تارىخى ئوبزورچىسى ھېنرى ماسې ھيۇگونى «ئاشۇ دەۋرنىڭ فىردەۋسى» دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ ئاساس ۋە پاكىتلار مۇنداق بىر مەسىلىگە جاۋاب بولالامدۇ، يوق؟ ھيۇگو «پاجىئەلىك دۇنيا»دا ۋىدوكىنىڭ كەچۈرمىشىنى بايان قىلغاندا، فرانسىيىلىك پوپنىڭ باش قەھرىمان ژان. ۋالژانغا كەڭ قورساقلىق ۋە رەھىمدىللىك قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەسۋىرى سەئدىنىڭ «بوستان»دىكى ساخاۋەتلىك دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى (4 ـ باب 17 ـ ھېكايەت) دىن كەلگەنمۇ ـ قانداق؟ بۇ ئىرانلىقلارنىڭلا قارشى بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن سىلىشتۇرما ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىكىردە بولۇشقان. ھيۇگو ئۆزىنىڭ شېئىرلار توپلىمى «شەرق»نىڭ باشلىنىشىدا «گۈلىستان»نىڭ كىرىش سۆزىدىكى بىر ئىدىئومنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شەرق» توپلىمىدا سەئدىنىڭكىگە ئوخشاش تىپىك شەرقچە ئۇسلۇب ھېسابلىنىدىغان ماتېرىيال ۋە مەزمۇننى تەسۋىرلەش ئۇسلۇبى بىلەن ئۆز ئەسىرىنى بېزەشكە تىرىشقان. «گۈلىستان»نىڭ ھيۇگونىڭ «شەرق»توپلىمىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدە شۈبھە يوق. غەربنىڭ ھەممە

ئوبزورچىلىرىمۇ بۇ خىل تەسىرنى تىلغا ئېلىشقان. ھېيۇگو پارس ئەدەبىياتىغا ئۆزگىچە ھېسسىيات بىلەن قارىغان. ئۇ ياشىغان دەۋردە «شاھنامە»تېخى ياۋروپا تىللىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا پۈتۈن ھالدا تەرجىمە قىلىنمىغانىدى. لېكىن ئۇ «شەرق»توپلىمىنىڭ بىرىنچى نەشرىنىڭ تېزىسىدا فىردەۋسىنىڭ شېئىرىنى مىسال كەلتۈردى. بۇنىڭدىنمۇ ھېيۇگونىڭ پارس ئەدەبىياتىغا بولغان ئامراقلىقىنى ۋە قىزىقىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە ھېيۇگونىڭ ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان قەدىناس دوستى فونې ئۇنىڭغا بىر قىسىم پارسچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان ھەم ھېيۇگونىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەزى پارسچە شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن.

سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرى ياۋروپادا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ، ياۋروپانىڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرى بۇ بۇلاقتىن قۇۋۋەت ئېلىشقا باشلىغانىدى. لافون تائىنې تۇنجى بولۇپ بۇ دۇردانىلەر خەزىنىسىدىن پايدىلانغان، غەربلىكلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۇنىڭ «مەسەل شېئىرلار» ئارىسىدىكى بەزى ھېكايەتلەرنىڭ سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلگەنلىكىنى دەلىللەۋاتىدۇ. مەسىلەن: «قۇدۇقتا چۈشۈپ كەتكەن مۇنەججىم»نىڭ ھېكايىسى، «قالماقنىڭ چۈشى» ۋە «بىر بېخىلنىڭ ئالتۇنلىرىنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغانلىقى» ھېكايىسى قاتارلىقلار شۈبھىسىزكى «گۈلىستان»دىن كەلگەن.

18 ـ ئەسىردە ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت بۆشۈكى ياۋروپالىقلارنىڭ نەزىرىدە شۇقەدەر جۇلالىق ۋە سىرلىق

ئىدىكى، سەئىدى مانا شۇ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى.

شۇڭا، شەرققە نىسبەتەن غۇۋا، خىيالىي چۈشەنچىدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى زور قىزىقىش بىلەن سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن.

ۋولتېر «گۈلىستان»نى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئېلان قىلغان ھەم ئۇنىڭدىكى بەزى مەزمۇنلاردىن پايدىلانغان.

روللان خانىم سەئىدىگە ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن قارىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەشھۇر خەتلىرىدە سەئىدى ئەسەرلىرىنىڭ نەپىس تەرەپلىرى پات ـ پات تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ دەۋرلەردە شەرقنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپمۇ سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشلۇق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملەردىن بىرى بولۇپ قالغاندى. شۇڭا سەئىدى ئەسەرلىرى بىلەن پىششىقراق تونۇشلۇقى بارلار مۇشۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى.

ياۋروپا ئەدەبىياتىدا رومانتىزمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مانا شۇ شەرق ئەسەرلىرىنىڭ غەربتە نەشىر قىلىنىۋاتقان سەئىدى ئەسەرلىرى ئۈچۈن يېڭىدىن پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. رومانتىزم ئەدەبىياتى ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرى سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىغان.

ۋىكتور ھيۇگو شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. رۇئېسكېرتنىڭ (Rueckert) كۈندىلىك خاتىرىسىدە سەئىدى ھەققىدىكى بىر پارچە شېئىرى ئۇچرايدۇ. ھېردېر

(J.G.Herder، 1744 – 1803)، بالزاكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ سەئىدىنىڭ ئىسمى پات ـ پات تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەئىدىنىڭ پەزىلىتىگە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئاپىرىن ئېيتىشقان.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا پارىژدا ئالەمدىن ئۆتكەن ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر شائىر ئورىن مانوئېلمۇ سەئىدىنىڭ كۈچلۈك جازىبىدارلىقىغا ئىگە ئەسەرلىرىگە مەپتۇن بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئائىلە ۋە مەكتەپ شېئىرى»دا «گۈلىستان»دىكى بىر ھېكايەت (2 ـ باب، 7 ـ ھېكايەت) نى ئازراق ئۆزگەرتىپ پايدىلانغان. يەنە ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېنىكلىك قىلىشنىڭ ساۋىقىنى شېئىري شەكىلدە تەرجىمە قىلىپ چىققانىدى. ئۇ بىر ئابزاس ئاتا بىلەن ئوغلىنىڭ دىئالوگى بولۇپ، ئوغۇل ئاتىسىدىن «بۇ ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلماي غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتىدۇ» دەپ سورايدۇ. ئاتىسى «ئويغاق يۈرۈپ باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا تولا ئارىلاشقىنىڭدىن ئۇخلىغىنىڭ ياخشىراق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

18 ـ ئەسىردە ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى جونىس سەئىدىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان:

سۇلتان دەرەخ بولسا، يىلتىزى ئۇنىڭ خەلقتۇر،
يىلتىزدىن ئەي ئوغلۇم دەرەخ كۈچ ئالۇر.

فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ھېنرى ماسې (Henri Masse) سەئىدى توغرۇلۇق ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بىر كىتاب يازدى.

ئۇ كىتابىدا «بوستان»نى ئەخلاق پوئېمىسى دەپ ئاتايدۇ. ماسېنىڭ قارىشىچە سەئىدى نامىنىڭ غەربتە مەشھۇر بولۇپ كەڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىدىيىسى غەربنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقىدا ئىكەن. سەئىدىنىڭ ئەخلاقىي تەشەببۇسى شەخسىيەتچىلىككە قارشى بولۇپ، بۇ ماسې سەئىدىنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتىدا بايقىغان پارس ئەدەبىياتىدىكى ياۋروپاچە ئالاھىدىلىك ئىكەن. ئىراننىڭ باشقا نۇرغۇنلىغان ئالەمشۇمۇل شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى غەرب يازغۇچىلىرىنى گاڭگىرىتىپ چۈشىنەلمەي قېلىشقان. ئەمما، سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ھەتتا ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىنى ئوقۇغان ھالەتتىمۇ بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. سەئىدىنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرى، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ھەم ئۇ بايان قىلغان ئەخلاق پرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غەرب كىتابخانلىرىغا ئۇنى دۇنياۋى شائىر سۈپىتىدە تونۇتقانىدى.

ئەنگلىيىلىك شەرقشۇناس بىرووُن ئۆزىنىڭ «ئىران ئەدەبىياتى تارىخى»دا سەئىدىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن غەرب ئىدىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇپەسسەل شەرھلىگەن بولۇپ، ئۇ سەئىدى ئىدىيىسىنىڭ ھەممە دەۋرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى ناھايىتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ.

فرانسىيىلىك ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، ئوبزورچى ۋە يازغۇچى ئېرنىست رىنان «مېنىڭ قارىشىمدا، سەئىدى پۈتۈنلەي بىزنىڭ ئۆز يازغۇچىمىز، ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، تىلىنىڭ جانلىق ھەم قىزىقارلىق ئىكەنلىكى ھەم باشقا شەرق يازغۇچىلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇنى بىزگە تولىمۇ

يېقىملىق ھەم يېقىن ھېس قىلدۇرىدۇ» دەيدۇ. «بوستان»نى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان مېينارنىڭ قارىشىچە سەئىدىنىڭ ئەسىرىدە ئىپادىلىگەن شائىرنىڭ جاسارىتى قەدىمكى يۇنان شائىرى خوراسىي (Horace)غا، تىلىنىڭ ئىخچام، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۇۋىدىي (قەدىمكى يۇنان شائىرى)غا، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك كىتابلىرى رابىلئاس (Frareios Rablias، 1494 ـ 1553، فرانسىيە يازغۇچىسى)قا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن يەلافۇن تائىنىنىڭ پاكلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

سەئىدى ئۆز ئەسەرلىرىدە بايان قىلغان ئەخلاق قارىشى ۋە جەمئىيەت قارىشى ھەرقانداق جايدىكى ھەرقانداق بىر ئادەمگە ماس كېلىۋېرىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئېمېرسون ئۆزىنىڭ مەشھۇر شېئىرىدا سەئىدىنى «يېقىملىق ھەم يېقىن»، «ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھەم سۆكۈتكە چۆككەن شائىر» دەپ تەرىپلەيدۇ.

گېرمانىيىلىك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ھېردېر سەئىدىنى ناھايىتىمۇ يېقىملىق ئەخلاق يېتەكچىسى دەپ ئاتايدۇ.

سەئىدىنى ياخشى كۆرىدىغان ئاۋسترىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم پۇرگشتال (Von Hammer Pwrgstal) سەئىدىنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئۆزىنىڭ قەبرىسىگە ئويۇلىدىغان يادنامە قىلىپ تاللىغانىدى.

فرانسىيىلىك شەرقشۇناس رۇيېر (A·Ruyer) «گۈلىستان»دىن تاللانمىلارنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ «گۈل مەملىكىتى»دېگەن نام بىلەن پارىژدا نەشر قىلدۇرغانىدى. گەرچە بۇ تەرجىمىدە نۇقسانلار ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا غەرب ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ

قىزىقىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇچېستباخ (Fr. Oshsenbacr) ئۇنى گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىپ «گۈلىستان»نىڭ غەربتىكى تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى.

1651 - يىلى گېنتىئۇس «گۈلىستان»نى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلدى. 1654 - يىلى ئىران ساياھەت خاتىرىلىرىنى يازغان مەشھۇر سەيياھ ئولئارئۇس بۇ ئەسەرنى يەنە بىر قېتىم گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى، 1774 - يىلى ستېپېن (Sulivan Stephen) «گۈلىستان»دىكى بىر قىسىم ھېكايىلەرنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدى.

1894 - يىلى ئولئارئۇسنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ۋە «گۈلىستان»نىڭ گېرمانچىغا تەرجىمىسى نەشر قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوللاند تىلىدىن (1688 - يىلى) گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىنغان «بوستان»مۇ «ئىران بېغى» دېگەن نامدا نەشر قىلىندى.

1762 - يىلى «شەرق ئەنئەنىسىدىكى سەئىدىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى» دېگەن كىتاب فرانسىيەدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر «بوستان»نىڭ 1696 - يىلىدىكى تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. 1828 - يىلى فالكونېر «بوستان»تاللانمىلىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. 1850 - يىلى گراف (K. H. Graf) «بوستان»نى بىۋاستە پارس تىلىدىن گېرمانچىغا تەرجىمە قىلدى. 1862 - يىلى شېلىچتا (Schelechta) «بوستان»دىكى ھېكايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى شېئىرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىپ ۋىنادا نەشر قىلدۇردى.

شۇنداق قىلىپ سەئىدى غەربكە تونۇشتۇرۇلۇپ، ناھايىتى تېزلا ياۋروپا مەدەنىيەت ساھەسىنى قايىل قىلغانىدى. پەقەت 19 - ئەسىرگە كەلگەندىلا ياۋروپادا «گۈلىستان»ۋە «بوستان»نىڭ توغرا ھەم تولۇق تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرگە كەلگەندە دېفېر مېرىي (Defermery) «گۈلىستان»نى، پاۋېل دې مېناد «بوستان»نى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ ھەم توغرا، ھەم تەپسىلىي ئىزاھلار بىلەن قوشۇپ نەشر قىلدۇردى. ئۇلاردىن كېيىن گراف «گۈلىستان»نى گېرمانچىغا، نازارئىانس رۇسچىغا، پېئاستىۋىسك ئىنگلىزچىغا، كازىمىرىسكى (Kazimirski) پولەك تىلىغا تەرجىمە قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، سەئىدى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆز مەملىكىتىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغان غەرب مەدەنىيىتى بىلەن تۇتاشتۇردى. ئەمما بۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سەئىدىنىڭ ئىدىيىسى دۆلەت ۋە ئىرق دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىدىن بولدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن «گۈلىستان»ھازىرغا قەدەر 60 قېتىمدىن ئارتۇقراق ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ مەرتە تەكرار نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. «بوستان»نىڭ تەرجىمىلىرى ۋە ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان سەئىدى ھەققىدىكى تۈرلۈك كىتاب - ماقالىلەرمۇ ساناقسىز دەرىجىدە كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە ئۇلاردىن مەخسۇس بىر كاتالوگ تۈزۈلىدۇ. ئېتتى ئۆزىنىڭ «ئىران مەدەنىيىتى»دە، ماسىگئون «سەئىدىنىڭ ھاياتى»دا، ئار بېررېي «قەدىمكى ئىران ئەدەبىياتى»دا سەئىدى

ئەسەرلىرىنىڭ ياۋروپادىكى تەرجىمىلىرىنىڭ تولۇق كاتالوگىنى كۆرسەتكەن. يېقىنقى 300 يىلدىن بېرى غەربنىڭ شەرقشۇناسلىرىدىن 80 نەچچىسى سەئدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان ھەم ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ماقالە - كىتابلارنى يازغان. بۇ تەتقىقاتلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېخىمۇ كېڭەيىپ بېرىۋاتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1980 - يىلى دۇنيا مىقياسىدا سەئدى ۋە ھافىزنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرى سەئدىنى خاتىرىلەش يىغىنلىرى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان سەئدى ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر، كىتابلار نەشر قىلىندى. جۇڭگونىڭ شەرقشۇناسلىرى ۋە ئىرانشۇناسلىرىمۇ بۇ يىلدىكى سەئدىنى خاتىرىلەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئىلمىي دوكلات بەردى ھەم نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازدى.

سەئدىنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگودا قەدىمدىنلا ناھايىتى قەدىرلەنگەن. 13 - ئەسىردە جۇڭگودا ساياھەتتە بولغان ئىسپانىيىلىك سەيياھ ئىبىن بەتتۇتا ئۆزىنىڭ ساياھەتنامىسىدە خاڭجۇنىڭ مەركىزىدىكى غەۋۋاسلارنىڭ سەئدىنىڭ شېئىرلىرىنى ئېيتىشىپ يۈرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

بۇ مەشھۇر بىر مىسال بولۇپ، ئارتۇقچە ئىزاھلاش ھاجەتسىز. سەئدى ئۆزىمۇ «گۈلىستان»دا ئۆزى ياشىغان

دەۋردە ئۇنىڭ نامى جۇڭگودا زور شۆھرەت تاپقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. جۇڭگودىكى پارس تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان. جۇڭگولۇق (چىنلىق) مۇسۇلمانلار ئۇلارغا پارسچە شېئىرلارنى بولۇپمۇ سەئىدىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاشنى، ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئەرەبچە چۈشىنىكسىز شېئىرلارنى ئوقۇماسلىقا تەكلىپ قىلىشقان.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»ۋە «بوستان»ى جۇڭگولۇقلارنىڭ پارس تىلى ۋە پارس ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن. جۇڭگولۇق ئىرانشۇناسلار بۇ ئەسەرلەرنى قولىدا كۆپ نۇسخا كۆچۈرۈشكەن، «بوستان»ۋە «گۈلىستان»نى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنە ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا «بوستان»، «گۈلىستان»لارنىڭ پارسچىسى ھەر يىلى نەشر قىلىنىدۇ. كۆپەيتىپ بېسىلىدۇ. جۇڭگودىكى پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلار ۋە پارس تىلىنى ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئەسەرلەرنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

«گۈلىستان»نىڭ تولۇق تەرجىمىسى 1947 - يىلى مۇسۇلمان ئالىمى ۋاڭ جىڭزەي ئەپەندى تەرىپىدىن پارسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. 1958 - يىلى شۇي جەنفۇ ئەپەندى «گۈلىستان»نى ئىنگلىزچىدىن يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. «بوستان»نىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى بولسا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارس تىلى پروفېسسورى جاڭ خۇڭنيەن 1989 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى.

سەئىدى جۇڭگو كىتابخانلىرىغا ئەڭ ياخشى تونۇشلۇق

بولغان پارس شائىردۇر. ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى مۇنبەرلىرىدە سەئىدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىزچىل ھالدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردا جۇڭگولۇق ئالىملار سەئىدى ھەققىدە نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىدىن بىرسى «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى تومىدىكى «سەئىدى»ماددىسى (شۇ بېڭۋېي يازغان) ۋە پروفېسسور ۋۇ فۇخېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «مەشھۇر چەت ئەل ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابىدىكى «سەئىدى»ماقالىسى (جاڭ خۇڭنىيەن يازغان)دۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەنزۇچە تەرجىمىلەردىن باشقا «گۈلىستان»ۋە «بوستان»نىڭ مۇكەممەل ھالدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىنىڭ قەدىمكى ۋە يېڭى نۇسخىلىرىمۇ جۇڭگودا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

(خەنزۇچىدىن ھ. ئا. فىكرەت تەرجىمىسى) «ئاسىيا كۈندىكى» گېزىتىنىڭ 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

# خان ـ پادىشاھ، ئەمەلدارلار ھەققىدە ھېكمەتلەر

يالغۇز ئۆز راھىتىڭنىلا ئويلىما، يوقسۇللارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىل. ئۆز راھىتىڭنىلا ئويلىساڭ، يۇرتتا ھېچكىم ھۇزۇر تاپالمايدۇ. چوپان ئۇيقۇدا، بۆرە بولسا قوي پادىسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، بۇ ئاقىلنىڭ ۋە ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشىمۇ؟ شۇنى بىلگىنكى، شاھ پەقەت خەلقى بىلەن شاھ بولىدۇ ۋە بېشىدىكى تاجىنى قوغدايدۇ. شۇ ۋەجىدىن موھتاجلىقتىكى دەرۋىشلەر ۋە يوقسۇللارغا نەزەر سال. كەمبەغەللەرنىڭ قولىنى تۇت، خەلق دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. شاھ بولسا ئۇ دەرەخنىڭ ئۆزىدۇر. دەرەخنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئۇنىڭ يىلتىزىدۇر. خەلقنىڭ قەلبىنى يارىلىما، يارىلىساڭ، خەلقنىڭ دىلىنى ئاغرىتساڭ، ئۆز يىلتىزىڭنى قىرقىغان بولىسەن. قولۇڭدىن كېلىشىچە خەلققە ياخشىلىق قىل.

تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۈمىد قىلغان پادىشاھ خەلققە ياخشىلىق قىلىدۇ، سەلتەنىتى قولىدىن كېتىش قورقۇنچىسى بىلەنمۇ خەلققە ئازار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭدا بۇ ئىككى ئەھۋال بولمىسا، ئۇ مەملىكەتتە راھەت ۋە ھۇزۇر پۇرىقىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق يۇرتتا ياشىساڭ ۋە ئائىلىلىك بولساڭ، تەقدىرىڭگە رازى بول، لېكىن بويتاق بولساڭ، بېشىڭنى ئېلىپ نەگە كەتسەڭ كەت. خەلق ھۆكۈمدارىدىن مەمنۇن بولمىسا، ئۇنداق

دىياردا باياشاتلىق كۆتمە ۋە بەختىيارلىق ئىزدىمە.

ئۆزىنى ماختايدىغان، جاھىل، شەھۋەتپەرەس ۋە ھاۋايى - ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرگەن پادىشاھتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەي، تەخىرىدىن قورقمايدىغاندىن قورق. بىر ھۆكۈمدار ئەگەر خەلقنىڭ دىلىنى يارىلىسا، مەملىكەتنىڭ مەمۇرچىلىقىنى پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدۇ. بىر يۇرتنىڭ خاراب بولۇشى ۋە بىر پادىشاھنىڭ يامان نام چىقىرىشى ئۇنىڭ زۇلمىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. مېنىڭ بۇ سۆزۈمنىڭ قىممىتىنى پەقەت ئەقىللىق ۋە زەكىي كىشى ئالالايدۇ.

خەلق سەلتەنەتنىڭ تىرىكىدۇر، ئۇ تۇتقىنى زۇلۇم بىلەن نابۇت قىلماسلىق كېرەك. ئۆزۈڭ بىرەر پايدا ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىقلار بىلەن دېھقانلارنى نەزەردە تۇت. چۈنكى، ئەجىر بىلەن ئىشلىگەن كىشى ئالغان ھەقتىن مەمنۇن بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئىشلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياخشىلىق كۆرگەن كىشىگە يامانلىق قىلساڭمۇ ئانچە ياراشمايدۇ.

پادىشاھنىڭ دەرۋازىسى كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئوخشايدۇ، شۇ قەدەر گۈزەلدۇر. دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىن چوڭقۇر ۋە كەڭ يوللىرىدىن كىشىلەر ئۇ يەرگە ھاجىلاردەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ.

پادىشاھ بولسا يولغا چىققان يولۇچى ۋە ھەق سۆزگە قۇلاق سالىدىغان ئاڭلىغۇچىدۇر.

خەلق زالىمدىن قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ يامان نامىنى، سەت

خۇي ـ مىجەزىنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يايىدۇ. يامان ئۇل ئۇستىدە سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز ئۇلىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇلتۇرغۇزىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىپ ئۇنىڭغا بەل باغلىساڭ، دائىما خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلا. ئادالەتتىن ئايرىلمىغىنىكى، ئاھالىمۇ ساڭا بولغان ئىتائەتتىن ئايرىلمىسۇن. ئاقىللارچە ئىش كۆرگىنىكى، بۆلارمۇ سەندىن يۈز ئۆرۈمىسۇن.

ئالەمدە ئىنساپلىق ئىش قىلغان ھۆكۈمداردىنمۇ بەختىيار كىشى زادى بارمىدۇ؟ بۇنداق ھۆكۈمدار دۇنيادىن كۆچكەن چاغدا ھەممە كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئوقۇيدۇ. ياخشىلارمۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. يامانلارمۇ... ئەڭ ياخشىسى، بىر ياخشى نام قالدۇرغىنىكى، ھەممە كىشى سىنى ھەريەردە خەير بىلەن ياد ئەتسۇن.

ياخشىلارنى كۈتكەن كىشى يامانلىق كۆرمەيدۇ، يامانلارنى كۈتكەن بولسا، ئۇ ئۆز جېنىنىڭ دۇشمىنىدۇر.
خەلققە زۇلۇم سالغاننىڭ مال ـ دۇنياسىنى تارتىۋېلىش بىلەن قانائەت ۋە بولدى قىلما، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇر.

ھەقسىزلىق قىلغان ۋالىينى دوست تۇتما ۋە خوپ كۆرمە. بۇنداقلار قاچان سەمرىشكە باشلىسا، شۇ ھامان تېرىلىرىنى سويۇش كېرەك. بۆرىنىڭ بېشىنى قوينى يەپ

كەتمەستىن ئاۋۋال ئىلىش كېرەك.

پادىشاھىم، ياخشى نام ۋە شۆھرەت قالدۇرۇشنى خوپ كۆرسەڭ، سودىگەرلەر، خەۋەرچىلەر، ئەلچىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىل. چۈنكى، ياخشى نامىڭنى ھەممە يەرگە تارقىتىدىغان شۇلاردۇر.

بىرىگە بىرەر ئىش بەرمەكچى بولساڭ، پۇل ۋە مالنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانغا بەر. ۋەيران بولغان ۋە قەرزنى قايتۇرالمايدىغان ئادەمگە بەرمە. ئۇ بۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلسە ئىدى، ھەرگىز ۋەيران بولمايتتى. ۋەيران بولغان ئادەم مەھرۇم بولىدىغان بىر نەرسىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھتىن قورقمايدۇ. نېمە دېسەڭ بويىنىنى پۈكىدۇ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشتىن باشقا قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ.

پادىشاھىم! پىتنە - پاساتچى، غەيۋەتخور بولغان بىر ياقا يۇرتلۇققا غەزەپلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى يۇرتتىن چىقىرىۋېتىش بىلەن بولدى قىلساڭمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكى مىجەزى ئۆزىگە بالا - قازا ئەكېلىشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

بىر بىچارىنىڭ ۋە غېرىبىنىڭ كۆڭلى سۇنغان يەر ئۇزۇنغا بارماي ۋەيران بولىدۇ. مۇساپىرلار ۋە سایاھەتچىلەر بىلەن تونۇش، ئۇلار بىلەن دوست بول. چۈنكى، ياخشى نامنى ئەتراپقا تارقىتىدىغانلار شۇلار. ئاجىزلارغا ياخشى مۇئامىلە قىل، يولۇچىلارنى خۇش قىل. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىرىدىن

ھەزەر ئەيلە، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۈشمەن ۋە يامان كىشىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا دوست قىياپىتىدىكى دۈشمەنمۇ بولۇشى مۇمكىن.

خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەملىرىڭنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىل، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلا. چۈنكى، سەن ئىپتىياجىنى قامدىغان كىشىلەر ساڭا ئىنساپسىزلىق قىلمايدۇ. ئۇزۇن يىللار ساڭا خىزمەت قىلغان خادىملارنىڭ ئەجىرلىرىنى ئۇنتۇما. بىر خادىم ياشىنىپ ئىشلىيەلمەس ۋە قولىدىن ئىش كەلمەس ئەھۋالغا چۈشسە، ئەمدى بۇنىڭدىن پايدا تەگمەيدۇ دەپ، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمە ۋە خالىغانچە تاشلىۋەتمە، ئۇنىڭ قولى ئىشتىن قالغان بولسا، سېنىڭ خەير ـ ئېھسان قولۇڭ ئىشتىن قالمىدى ـ دە!

بۇرۇندىن تارتىپ بىر ـ بىرى بىلەن ياخشى بۇرادەر بولغان، ئوخشاش پىكىرلىك ئىككى خادىمنى بىر يەرگە بىر چاغدا ئەۋەتمە. نەدىن بىلىسەن، بەلكىم بىرى ئوغرى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئوغرىلىقىنى يوشۇرغۇچى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداقلار تەبىئىتى بىلەن بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىدۇ. بىرى ئوغرىلايدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭ شېرىكى بولۇپ ئۇنى قوغدايدۇ. ئوغرىلار بىر ـ بىرىدىن قورقسا ۋە ئۆزىنى تارتسا، كارۋان ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ، مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالايدۇ.

ھەي پادىشاھىم! دۈشمىنىڭگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلساڭ

ۋە بوشاڭلىق قىلساڭ، ئىنتايىن ھەددىدىن ئېشىپ، شىر بولۇۋالىدۇ ۋە سېنى يېڭىدۇ. قاتتىق مۇئامىلە قىلساڭ، سەندىن زېرىكىپ بىزار بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يۇمشاقلىق بىلەن قاتتىقلىقنى تەڭ قوللىنىش كېرەك. قان ئالغۇچىغا ئوخشاش، ئۇ ھەم قان ئالىدۇ، ھەم ئۇ يەرگە مەلھەم سۇرىدۇ.

بىرىنى ئىشتىن بوشاتقىنىڭدا، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئەپۇ قىل. ئۈمىدلەنگەن كىشىنى نائۈمىد قىلمىغىن. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزۇش ئايىغى كىشەنلىك مىڭ مەھبۇسنى ئازاد قىلغاندىنمۇ خەيرلىكتۇر.

بىر كاتىپ ئىشتىن چىقىرىلسا ئۈمىدلىرى ئۈزۈلمىسۇن، مەيۇسلەنمىسۇن! ئادىل پادىشاھ ئاتىغا ئوخشايدۇ. باللىرىنى بەزىدە ئۇرىدۇ، يىغلىتىدۇ، بەزىدە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىدۇ.

ھەي ھۆكۈمدارىم! ئالىيجاناب، ياخشى مىجەزلىك ۋە ھۆرمەتكار بول، تەڭرى ساڭا چىچىپ بېرىپتۇ، سەنمۇ خەلققە چاچ. دۇنياغا كەلگەنلەر يەنە كېتىدۇ. بۇ يەردە قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن پەقەت بىر ياخشى نام قالىدۇ. ئۆلمەسلىك، ئەبەدىي ياشاش دەپ مانا شۇنى دەيدۇ. ئۇزىدىن كېيىن كۆۋرۈك، مۇساپىرخانا، دەڭ ۋە كارۋان سارايغا ئوخشاش ئەسەرلەر قالغان، يادىكار قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەر ئۆلمەيدۇ.

بىرەر ساۋابلىق ئىش قالدۇرمىغان كىشىگە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن پاتىھە ئوقۇشقا ئەرزىمەيدۇ. سەن نامىڭنىڭ ھەمىشە ئەسلىنىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلساڭ، ھەر دائىم ئۇلۇغلارنى

ئەسلە. سەندىن بۇرۇن كەلگەن ھۆكۈمدارلار قانداق خەيرلىك ئىشلارنى قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۆز دەۋرىڭدە ئۇلاردەك ئىش قىل.

بىر كىشى گۇناھىنى ئېتىراپ ۋە ئىقرار قىلىپ، ئۆزرە تىلىسە ئۇنى ئەپۇ قىل. رەھىم تىلىگەنلەرگە رەھىم قىل. بىر گۇناھكار ئىلتىجا قىلسا، ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. لېكىن، قىلىنغان نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاننى ئەدەپلەش، جازالاش، قولىقىنى سوزۇش ۋە تۈرمىگە ئېلىش كېرەك. بۇمۇ ئۇنى تۈزىتەلمىسە، ئۇ چاغدا بۇ بىر زىيانلىق دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر كىشىگە غەزەپلەنگىنىڭدە، ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلان، چۈنكى، كېسىلگەن باش قايتا ئورنىغا كەلمەيدۇ. بەدەھشان لەئەلنى چېقىش ئاسان. ئەمما، چېقىلغان پارچىلارنى يىغىپ ئەسلىي ھالىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ھەرقانچە كۈچلۈك بولساڭمۇ، لەشكىرىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق دۈشمىنىڭگە ھۇجۇم قىلما. چۈنكى، دۈشمىنىڭ بولغان پادىشاھ ئېگىز ۋە مۇستەھكەم قورغانغا بېكىنىۋالىدۇ، بولغۇلۇق بىچارە خەلقىڭگە بولىدۇ.

پادىشاھ بولسۇن ـ بولمىسۇن، كىشىنىڭ كەينىدە قالغان مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يوق بولىدۇ.

بىر مەملىكەتتە ئاجىزلار كۈچلۈكلەردىن ھەقسىزلىك كۆرسە، ئۇ يەردە پادىشاھقا ئۇيقۇ ھارامدۇر. خەلقنى قارىمۇقىنىڭ قاسىرىقچىلىكمۇ ئەزمە، رەنجىتمە ۋە ئۇمىدسىزلەندۈرمە. چۈنكى، خەلق پادا، ھۆكۈمدار بولسا ئۇنىڭ چوپانىدۇر. ئەگەر خەلق پادىشاھىدىن يامانلىق كۆرسە، ئۇ پادىشاھ ئۇ پادىنىڭ چوپانى ئەمەس، بۆرىسىدۇر. ئاھالىگە ھەقسىزلىق قىلغان، يامانلىقنى ئويلىغان ھۆكۈمدارنىڭ ئۆلۈمى پاجىئەلىك بولىدۇ. خەلققە قىلىنغان يامانلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇ زالىمنىڭ يامان نامى ئۇنتۇلمايدۇ.

ئەمر قىلغۇچى ۋە شانۇشەۋكەت ئىگىسى بولغان پادىشاھلار خەلقنىڭ ئاۋارىچىلىك ئىشلىرىدىن زېرىكمەسلىكى لازىم. غۇرۇر تەختىدە ئولتۇرۇپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ھۆكۈمدارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن تاج ئۇنىڭغا ھارامدۇر.

خەلق كۆچەتكە ئوخشايدۇ، ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلساڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولىسەن. ھەرگىز كۆچەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمە، بۇ بىر زۇلۇمدۇر ۋە ئۆزۈڭگە زىياندۇر. كىشىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە زىيان سېلىشى ئەخمەقلىقتۇر.

قول ئاستىدىكىلەرگە ئەزىيەت قىلمىغان كىشى ياشلىقىدىن ۋە بەختىدىن پايدا ئالالايدۇ. قول ئاستىڭدىكىلەر ئەمەلدارلىرىڭ بولسۇن ياكى پۇقرا بولسۇن، بەختسىز ۋە پەرىشان بولسا، ئۇلارنىڭ قارغىشىدىن قورق.

ھۆكۈمداردىن رازى بولمىغان لەشكەر چېگرىنى

دۈشمەندىن قوغدىيالمايدۇ.

پۈتۈن جاھاننىڭ سەلتەنىتى يەرگە تامچىغان بىر تامچە قانغا ئەرزىمەيدۇ.

بىر مەملىكەتتە پادىشاھ پادىچىچىلىك ئويلىيالمىسا ۋە ياخشى بىلەن يامانىنى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىسە، سەلتەنەت ۋە مەملىكەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەي پادىشاھىم! سەنمۇ بىر ئىشىككە ئۈمىد باغلاپسەن. سېنىڭ ئىشىكىڭگە ئۈمىد باغلىغانلارمۇ بار. خاپىلىق تارتماي دېسەڭ، دەردمەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئازابتىن قۇتقۇز. ھەقلىرىنى تەلەپ قىلغان مەزلۇملارنىڭ بىئاراملىقى ۋە كۆڭۈللىرىنىڭ پەرىشانلىقى ھۆكۈمدارنى مەملىكىتىدىن، تەختىدىن ئايرىۋېتىدۇ. سەن سالقىن ئورداڭدا چۈشكىچە ئۇخلايسەن، لېكىن غېرىب - بىچارىلەر تاشقىرىدا قىزىق ئاپتاپتا كۆيۈپ - پىشماقتا. بۇ ساڭا راۋامدۇر؟

پادىشاھ تەختىدە راھەت ئۇخلىسا، خەلق راھەت بولمايدۇ، لېكىن، پادىشاھ ئۇخلىماي خەلقنى ئويلىسا، خەلق راھەت ۋە ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلايدۇ.

سەھەرنىڭ يۈرىكى يوقسۇللۇقتىن يارا تۇرسا، پادىشاھقا زىبۇزىنىەت ياراشماس. ماڭا كۆزىسىز ئۇزۇك يارىشىدۇكى، خەلقنىڭ كۆڭلىنىڭ قايغۇلۇق بولۇشى ياراشمايدۇ. خەلقنىڭ

راھەتنى ئۆز ھۇزۇرىدىن ئەلا بىلگۈچى نېمىدېگەن بەختلىك.

ھەي كاتتا مەرتىۋە ۋە مەنسەپدار! كىچىكلەرگە زومىگەرلىك قىلما. شۇنى بىلگىنكى، دۇنيا بىر ئىزىدا تۇرمايدۇ. ئاجىزلارنىڭ قولىنى قايرىما. چۈنكى، ئۇ ئاجىز پۇرسەت تاپسا سېنى يوقىتىدۇ. ھېچكىمنى ئىشىدىن مەھرۇم قىلما، ھېچكىمنى ماكانىدىن ئايرىما، ھېچكىمنى يىقىتىشقا تىرىشما. چۈنكى، يىقىلىپ ئامالسىز قالغان چېغىڭدا ھېچكىم سېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويمايدۇ.

خەزىنىنى تولدۇرۇشتىن كۆرە، كۆڭۈللەرنى ئۇتۇشقا تىرىش. خەزىنەڭنىڭ قۇرۇق قېلىشى كىشىلەرنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرۇشتىن ياخشىراق.

پادىشاھلىقتىن چوڭ ۋە يۇقىرى مەرتىۋە يوق دېمە. ھەرقانچە بولسىمۇ كەمبەغەلنىڭ پادىشاھلىقىدەك بىخەتەر ۋە راھەت بولماس، بۇنى بىلىملىكلەرمۇ بىلىدۇ ۋە «ھەئە، شۇنداق» دەيدۇ.

قول ئىلكىدە بولمىغان كىشى پەقەت ناننىڭ غېمىنىلا قىلىدۇ، ھۆكۈمدار بولسا ئىلكىدىكى چوڭ بىر مەملىكەتنىڭ قايغۇسىدىدۇر.

ياخشىلار زوراۋان پادىشاھتىن نەپرەتلىنىپ قاچىدۇ. چۈنكى، «زالىم ھۆكۈمدار تەگرىنىڭ غەزىپىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. شۇنداق، تەگرى ياخشى بولۇشنى خالىغان

مەملىكەتكە ئادىل ۋە تەدبىرلىك پادىشاھ بېرىدۇ، ۋەيران قىلماقچى بولغان يەرنى بولسا، بىر زالىمنىڭ قاتتىق، چىڭ ۋە ۋەھشىي چاڭگىلىغا تۇتقۇزىدۇ.»

شاھمات ئويۇنىدا شاھ بىردەملىك مەغرۇر، لېكىن مات بولغاندا پېشكەدەك بولۇپ قالىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئىلىم ۋە ئادالەت بىلەن دەۋران سۈرگەن پادىشاھلار نېمىدېگەن بەختلىك! خەلقنىڭ راھەتلىكى ئۈچۈن تىرىشقانلار سائادەت توپىنى تۇتقان بولىدۇ.

پادىشاھ ھەق يولىدىن ئايرىلمىسا ۋە توغرا سۆزنى ئاڭلىسا، بۇ دۇنيادىن سەپەر قىلغاندىن كېيىن، سەلتەنىتىنى يەنە بىر دۇنيادا قۇرىدۇ. ئۆلۈم بۇنداق كىشىدىن ھېچ نەرسىنى كەم قىلمايدۇ.

خەزىنىسى، ھەربىي قوشۇنى، شان ـ شەۋكىتى بولغان، ياخشى ياشىغان، تىلىكىگە نائىل بولغان ھۆكۈمدار ئىبارىتىدە دائىملىق ۋە ياخشى تەبىئەتلىك بولسا، بۇ سائادەت مەڭگۈگە ئۇنىڭ دېگەنلىكتۇر.

خۇشاللىقنى خەلقنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىدىن ئىزدىگەن زالىم پەقەت مۇشۇ بەش كۈنلۈك دۇنيادا سۈرگەن كەيپ ـ ساپاسى بىلەنلا ياشايدۇ.

زۇلۇم بىلەن كىشىلەرنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئۇيقۇسىغا چۆمدۈرگەن زالىمنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ، قايتا باش كۆتۈرەلمىگىنى ناھايىتى خەيرلىكتۇر.

خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىشىڭنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇڭنى ئويلىساڭ، بىرلا چارە بار. ئۇ بولسىمۇ زۇلۇم يولىدىن قايتىش، زۇلۇمدىن ۋاز كېچىشىڭدۇر.

«بىر پادىشاھ قاچان خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولسا، مانا شۇ چاغدا كۆڭۈلگە ياقىدىغان بىر ئىنسان ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا چىغىرىق چۆرىگەن قېرى مومايلار ئۇنى نەپرەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىدا رەسمىي سورۇندىكىلەرنىڭ پادىشاھنى ئالدىدا مەدھىيىلەشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى نىمە!»

سىنىڭ خەزىنەڭ بار، ئەمرىڭ ھەممە يەردە ئۆتىدۇ. مەن بولسام بىئاراملىق، قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر كىشىمەن. لېكىن، ئۆلۈم دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمىزدىلا باراۋەر بولىمىز. بۇ بەش كۈنلۈك دۇنياغا ۋە بۇ بەش كۈنلۈك سەلتەنەتكە كۆڭۈل بەرمە ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمە، ئۆزۈڭنى خەلقىنىڭ ئاھى بىلەن ئۆرتىمە. سەندىن كېيىنكىلەر سەندىنمۇ كۆپ يىغىپ، توپلاپ، زۇلۇملىرى بىلەن جاھاننى ئۆرتەيدۇ، ئاخىرىدا قانداق بولىدۇ؟

شۇنداق ياشىغىنكى، ئۆلگىنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەر سېنى خەير بىلەن ياد ئېتىشسۇن، كەينىڭدىن لەنەتلىمىسۇن. ناچار ئادەتلەرنى ئۇتتۇرىغا چىقارما، بۇ ناچار ئادەتلەر ۋەجىدىن كېيىن لەنەت بىلەن ياد ئېتىشمىسۇن.

پادىشاھ ھەربىي قوشۇننىڭ جېنىدۇر، ئۇنى قوغداش دۈشمەننى قوغلاشتىن ئەۋزەلدۇر.

ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىككى ئارتۇقچىلىق بار. بىرىنچىسى، قەلەم ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت، ئىككىنچىسى، قىلىچ تۇتالايدىغان بولۇش. بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولمىغانلار ۋە بۇ ئىككى ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغانلارنى تەقدىرلىمىگەن پادىشاھلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارغا ھېچكىم ئېچىنمايدۇ.

ئالىملار، ئىختىساسلىقلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان ھۆكۈمدارلار سەلتەنىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ ۋە دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلىدۇ.

جەڭ ئۈچۈن قىلىچىڭنى قولۇڭغا ئالغىنىڭدا، ئاستىرتىن يارىشىش يولىنىمۇ ئىزدىگىن.

جەڭچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇت، لازىم تېپىلغاندا توپتەك ئايىغىڭغا يىقىلىپ، ساڭا جېنىنى پىدا قىلىدۇ.

دۈبۈلغىلارنى پارقىرىتىپ قوشۇن تارتقان قوماندانلار بىر تەرەپتىن ئۇرۇشسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاستىرتىن يارىشىشنى ئىزدەيدۇ.

دۈشمەن قوماندانىدىن بىرى قولۇڭغا چۈشسە، ئۇنى شۇئان ئۆلتۈرمە، سەۋرلىك بول. چۈنكى، سېنىڭ قوشۇنۇڭدىنمۇ بىر قوماندان دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قېلىشى

مۇمكىن. سەن ئەسىر ئالغان دۈشمەن قوماندانىنى ئۆلتۈرسەڭ، دۈشمەنمۇ ئەسىرگە چۈشكەن سېنىڭ قوماندانىڭنى ئۆلتۈرىدۇ - دە، ئۇنى قايتا كۆرەلمەيسەن.

ئەسىرلەرگە ئازار بەرگەن ۋە زۇلۇم سالغان كىشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىشى ۋە ھازىردىن باشلاپ بېشىغا كېلىدىغان شۇ ئەھۋالنىڭ غېمىنى قىلىشى لازىم.

يېڭىدىن خىزمەتكە قويغان كىشىلەرنى بەك چىڭ تۇتما. يېپنى بىرئاز قويۇپ بوش تۇت، لېكىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە، بولمىسا قايتا دىدارىنى كۆرەلمەيسەن.

دۈشمەندىن ئالغان يەرنىڭ ئاھالىسىگە بۇرۇنقى خوجىسىدىن ياخشى مۇئامىلە قىل. بۇنداق قىلساڭ، دۈشمەن قايتا باش كۆتۈرگەندە، ئۇنى ئالدى بىلەن شۇ ئاھالە دۇمبالايدۇ.
لېكىن ئۇلارغا ئەزىيەت قىلساڭ، دۈشمەنگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىشىڭ بىكار ئاۋارىچىلىكتۇر. دەرۋازىلارنى بىكاردىن تاقىما ۋە دۈشمەنلەر دەرۋازىمىزغا يېتىپ كەلدى دېمە، چۈنكى، سىرتقى دۈشمەننىڭ شېرىكلىرى ئىچىڭدىكى يەرلىك ئاھالىدۇر.

قەيەردە بىر زالىم بولسا ئۇنىڭغا رەھىم قىلما، چۈنكى، زالىمغا رەھىم قىلىش خەلققە زۇلۇم قىلىش دېمەكتۇر.



ئۇيغۇر كىتاپ تورى www.uyghurkitap.com

ئوغـرى ـ قاراقچىلارغـا رەھـىـم قىلغـان ئـۆز قولـى بىلـەن كـارۋاننى ئۇرغان بولىدۇ.

زالىمنىڭ كاللىسىنى ئال، زالىمغا زۇلۇم بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىش ئادالەتنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

مەملىكەتنى ئىـدارە قىلىشقا مەسئۇل قىلغان كىشىڭ يامان قانۇن چىقارسا ۋە ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ دۇنيادا سېنى نابۇت قىلىش، ئاخىرەتتىمۇ سېنى ئوتقا تاشلاشتۇر. شۇڭا ئۇنى ئەقىللىق دەپ ئىش بېشىغا قويما، ئەمەلىيەتتە ئۇ بەختسىزنىڭ بىرىدۇر.

سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىدىكى ئۇلۇغلار قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە بولىدۇ.

پەسكەش ھۆكۈمدارلار مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا دۆلەتنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ خەلققە سېلىق سالىدۇ.

خوجايىن قۇلىنى نازلاندۇرۇپ، يۈزسىزلىك قىلدۇرسا، قۇلمۇ خوجايىنلىق دەۋاسى قىلغىلى تۇرىدۇ.
قۇل خىزمەت ئۈچۈن ئېلىنىدۇ. قۇل نازىنىن بولسا، خوجايىنغا مۇشت ئاتىدۇ.

زالىم دەستىدە ئەل قەلبىدىن كۆتۈرۈلگەن داد ـ پىغان تەڭرىگىمۇ يېتىدۇ.

ئەگەر شاھلار بىراۋغا مەنسەپ بەرسە، ئاڭا دۈشمەن چىقمىغىمۇ بىردەملىك.

قۇدرەتلىك، بىلىملىك شاھ ھېچقاچان تۆھمەت بىلەن ئىغۋادىن غەم يېمەيدۇ. دۇنيادىن خام پىكىرلىك بولۇپ ئۆتسە، پادىشاھلىق تاجى ھارام بولىدۇ.

ھەربىي قوشۇن شاھىدىن شاد بولمىسا، مەملىكەتتە تىنچ ـ ئامانلىق بولماس.

ئۆز خەلقىڭنى دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرگەندەك پەرۋىش قىلساڭ، ئۇلار تۈرلۈك ـ تۈمەن مېۋە بېرىدۇ.

پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي ئۆتكەنىنىڭ كۆڭلى پۈتۈن، كۈنى راھەتتە بولىدۇ.

ئاق ـ قارىنى، چوڭ ـ كىچىكنى بىلمەكلىك ئۇلۇغلارغا ئىنتايىن مۇھىم شەرتتۇر.

ئەگەر شاھ ئەقىل ـ پەمدە يىلقىچىدىن كەم بولسا، تاجۇ تەختكە خەۋپ يېتەر.

جاپاكەشلەر دادىغا كۆڭۈل بۆلسەڭ، ھاۋالاردا ئويناپ ئۇچۇپ يۈرىسەن.

دەۋرىگىدە ئەل زالىمدىن زۇلۇم كۆرسە، بۇ زۇلۇمنىڭ

گۇناھى ساقا بولىدۇ.

خەلق ئازابتىن زەھەر ئىچىپ ئۆلسە، تامىقىڭدىن شېكەر ـ شەربەت ئۆتەمدۇ؟

ئەگەر ئېلى زەخمەت چەكسە ۋە ئاچ بولسا، شاھ ئۇچۇن زىبۇزىنىنەت ياراشمايدۇ.

كىمدە كىم ئۆز ئېلىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالسا، ئاپىرىن ئېيتىش كېرەك.

ئەل غېمىنى يېگەن مەردۇمەردانلار جاپا ئىزدەپ راھەتتىن ۋاز كېچىدۇ.

ئىرادە ۋە ساداقەتتە شاھلىق قىل، لاپ ئېتىشتىن ھامان تىلىڭنى ساقلا.

زۇلۇم ـ زۇلمەت نەدە ھەددىدىن ئاشسا، بىرەر لەۋمۇ كۈلكىدە ئېچىلمايدۇ.

چۇمۇلىلەر بىرلىشىپ تۇتۇش قىلسا، يوغان شىرمۇ مۇخالىپ كېلەلمەيدۇ. خەلقنى زۇلۇم بىلەن قاقشاتمىغىن، ئاقىۋەتتە ھېچ غالىب بولالمايسەن.

زۇلۇم بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغقاندىن، خەزىنىسىز ئەھۋالىڭ ياخشىراقتۇر.

سەن خەلقنى بىكاردىن ـ بىكار ئەزمە، ئەسلىدىن شاھ ـــ پادىچى، خەلق ـــ قويدۇر.

ئەگەر شاھ ئەسكىرىنىڭ قورسىقى توق، خۇشال بولسا، ئۇرۇشلاردا زەپەر تاپار، ئەگەر ۋاپا بىلەن ئىنتىزام يوق بولسا، ھەربىرى ئۇرۇشلاردا جان تىكمەيدۇ.

ئۆز غىمىدە پايپاسلاپ قانلىق جەڭلەردە كۈچ بەرمىگەن بەگلەرنى مەرد دېمەيمىز.

ئەگەر شاھلار ئويۇن ـ كۈلكىدە بولسا، سەلتەنىتى ئۆز ئىلكىدە بولالمايدۇ.

ئون كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئالالىساڭ يۈز ھۆججەتتىن كۆرە مۆتىۋەر بولار.

ئەسىرلىكنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئەسىرلەرگە قورقماي زۇلۇم ئەيلەيدۇ، مۇبادا ئەسىرلىكنى ياخشى بىلسە، تۇتقۇنغا خەيرىيەتلىك تىلەيدۇ.

ئۆز شاھىغا قارشى چىققان بەگلەرنى ئىشقا قويما، ئۆز شاھىنىڭ ئىززىتىنى بىلمىگەن سېنىمۇ ھەم ھەرگىز ئامان قويمايدۇ.

مەغرۇر بولۇپ يوقسۇللارنى خار تۇتسا، پادىشاھنىڭ گۇناھى ئارتۇق بولۇر.

يوقسۇللارنى قوللاش مۆتىۋەرلىك بولۇر.

ئىچى سۇغا تولغان كۈپ بولساڭ، لېكىن نۇر چاچقۇچى شام چىراغ بولالمايسەن.

كۈچلۈكلەرنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان، هامان ئاجىزلارغا ئوساللىق قىلار.

ئەگەر جاهاننى قايىل قىلاي دېسەڭ، خالايىققا شەپقەت قىل، ئۇرۇش قىلما.

ئەگەر ئىشىڭ شەپقەت بىلەن هەل بولسا، هەرگىز كىشىنى يامانلىققا تارتما.

كۆڭلۈڭنىڭ رەنجىشىنى ئىستىمىسەڭ، ئاۋۋال رەنجىگەنلەر ئىشىنى ئوڭلا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىنساني پەزىلەتلەر ھەققىدە ھېكمەتلەر

ئەگەر ياخشى يولنى ئىزدىسەڭ، پاك بول.

پىتنە دېگەن ئويغانمىسا ياخشىراق.

سەن ئېھسانىڭنى دەريانىڭ قېنىغا تاشلا، شۇنىڭدا دەريانىڭ قىرغىقىغا سۇ ئۆتىدۇ، ئېلىپ كېتىدۇ.

ئۇلۇغ تۇرۇپ ياخشى نامى قالمىسا، ئۆلدى، يوقتى. ئۇ دۇنيادىن تۈگەيدۇ.

ھەر كىشىكىم ئەلگە ئېھسان ئەيلىسە، ئۇلاردىن ئەل رەھمىتى كەم بولمايدۇ.

ھىممەت يولى بارچە يولدىن ئەلا يول.

يامانلاردىن ھەرگىزمۇ ياخشى نام قالماس.

ھەي ئوغلۇم، كىچىكلەرنى بوزەك قىلما، ئۆزۈڭ چوڭلار زۇلمىغا دۇچ كېلىسەن.

ئالدىڭدا مەيۈس يېتىم تۇرغان بولسا، ئۆز ئوغلۇڭنى ئەركىلىتىپ لال قىلما. يېتىم يىغلىسا كىم يېشىنى ئېيتىپ تەسەللى بەرگەي، يۈزلىرىنى چاڭ باسسا سۈرتۈپ قويغىن، ئۇنىڭ بېشىنى سىلا. گەر تۇغقىنى، تونۇشلىرى بولمىسا، سەن ئۇنى پەرۋىش قىل، بېقىۋالغىن.

ياش بولساڭ قېرىلارنى كۈتكىن، ئۇلارنى قوللا، ئەمما سېنى قوللاشنى تەلەپ قىلما.

غەيۋەتتىن ئوغرىلىق كۆپ ياخشىراق، ئوغرى جاسارەتلىك بولىدۇ. كۈلپەتتىن كۈچ بىلەن قۇتۇلىدۇ. قېنى، غەيۋەت قىلساڭ نېمە تاپالايسەن، پەقەت ئۆزۈڭ خىجالەت بولۇپ قالىسەن.

ئاقىلنىڭ ئىشى ئۆزى بىلەن بولماقلىقتۇر.

ئەگەر كىشى ئۆزگىنى يامان دېسە، سېنى ھېچقاچان ياخشى دەپ ئېيتمايدۇ.

غەيۋەت ئۈچ خىل ئادەمگە راۋا ئىمىش. تۆتىنچى بولۇپ قالسا، ئۇ خاتا. ئەلگە زۇلۇم ئەيلىگۈچى پادىشاھ دائىم غەيۋەتتىن خالىي بولالمايدۇ. زۇلۇمدىن غەيۋەت قىلساڭ ھالال بولار. خەلق بىلىپ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلسۇن. ئىككىنچى خىل مۇناسىپى ــــ ھاياسىز. ئۇ پات ـ پات پەردىسىنى يىرتىپ تۇرار. كۆلچەككە چۈشەي دېسە ئۇنى توسما. ئاخىر بېرىپ ئۇ قۇدۇققا يىقىلغاي. ئۈچىنچىسى، تارازىدا

ئالدامچى ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا ياي!

دۈشمىنىڭنىڭ پىتنىسىنى ئەكەلگەن ئۆزىنى دۈشمىنىڭگە دوست قىلىدۇ.

چېقىمچى كونا ئۆچنى يېڭى قىلىپ، ئۆچۈپ قالغان پىغاننى ياندۇرىدۇ. مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، ئۇ تىنچ ياتقان يىلاننى قوزغايدۇ.

چېقىمچىنىڭ يۈگۈرۈك ئاغزى، زىندان ئارا كىشەندە ياتسا تىنچىيدۇ.

ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوت كۆيگەندە، چېقىمچىنى ئوت ياققۇچى دەپ بىلگىن.

ئەلدىن كېچىپ غارغا بېرىپ ياتساڭمۇ، ئەيىب ئىزدىگۈچىدىن قۇتۇلالمايسەن.

دەريالارنى كۆچ بىلەن توسۇش مۇمكىن بولسىمۇ، چېقىمچىنىڭ تىلىنى توسۇيالمايسەن.

تۈلكە ياكى شىرلىق يولى بىلەنمۇ پىتنە ـ پاسات يولىنى توسۇيالمايسەن.

ئۆزگە بىلەن ھەرگىز ئىشىڭ بولمىسا، ئەلدىن يىراق

خىلۋەتتە ياشىساڭمۇ، دىۋە مىجەز ئادەم دەپ گەپ تارقىتار. ئەلدىن قورقۇپ قاچتى دەيدۇ، ئەلۋەتتە.

باي كىشى ئارتۇقچە ياسىنىشتىن نومۇس قىلىپ، ئاددىي كىيىم كىيىپ يۈرسە، (غەيۋەتچىلەر) تىللىرىنى ئاشا خەنجەردەك تىقىپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى پىخسىقلىق دەيدۇ.

سەن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى پەش قىلما. ئۇمۇ ئوخشاش ئەيىبىڭنى پەش قىلىدۇ.

كىبىر بىلەن كامال تاپقان ئادەم يوق. تەڭتۇشلىرىڭ ساڭا كىبىر كۆرسەتسە، نەزىرىڭدىن قىممىتى چۈشۈپ كېتەر. ئۆزۈڭدىمۇ كىبىرلىك بولغان بولسا، سەنمۇ ھەرئاندا شۇنداق كۆرۈنىسەن.

مەرد بولساڭ ھېچقاچاندا ماختانمىغىن، ماختىنىشتىن ھېچ كىشىگە زەپەر يوق.

قانائەت قىلساڭ بېشىڭ كۆككە يېتەر، تەمە قىلساڭ ئامىتىڭ بەتتەر كېتەر.

قەدرىڭنى پارچە نانغا سېتىۋەتمە، ھۆرمىتىڭ تەمە بىلەن يوق بولىدۇ.

ئەگەر ھەر كىم تەمە قۇلى بولمىسا، تۇرمۇشى ئازاد ئۆتەر، ئەركىن بولار.

تەمە سىنى جەمئىيەتتىن چىقارغاي.

ئۇچرىغانلا كىشىگە ماختانمىغىن، ئىھتىيات قىل، مۇقامدىن چىقىپ كەتمە.

تەمەنىڭ ئاغزى ھەرقاچانكى ئوچۇق.

پەلەكتىن نالە قىلماي، پىئىلىڭدىن نالە قىل.

بىئەدەپلىكتە مەشھۇر كىشىدىن ئارتۇقچە خەير كۈتمە.

# تىل پەزىلىتى ھەققىدە ھېكمەتلەر

سۆز ئوينىتىش گۇناھكارنىڭ خىسلىتى، غەرەزلىكلەر سۆزى ھەرگىزمۇ سۆز ئەمەس.

سىرىڭنى كىشىلەرگە ئايان قىلما، كۆپ ھاللاردا ئۆلپەتلىرىڭ گەپ توشۇيدۇ.

يىگىت بولساڭ ھوشيار بول، سىر ساقلىغىن.

سۆز ئۈچۈن پۇختا ئاساس كېرەك. تالاشقاندا مۇشتلىشىش دەلىل ئەمەس.

بىلمىگەندە جىم تۇرۇش توغرا ئىشتۇر.

شېرىن سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى، قوپال سۆزلۈك دۈشمەن قىلار دوستىنى.

سۆزى قوپال ئادەم ئازابتا ئۆتەر.

شېرىن سۆزلۈك پەم بىلەن ئىش كۆرىدۇ.

قوپال سۆزلۈك تەتۈر پېشانە بولۇر.

يۇمشاق سۆزلە. يۇمشاق نېنىڭ بولمىسا، شېرىن سۆزدە سەئىدىنى نىشانە قىل.

ئەھۋالىڭ ناچار بولسا يوشۇرمىغىن، يالغانچىلىق ئۇياتتا قالدۇرىدۇ.

بىلگەنلىرىڭ ئاز بولسا، كۆپ سۆزلىمە.

ئەگەر بىراۋنىڭ گېپى تولا بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرگە كار قىلمايدۇ.

توختىماستىن سۆزلەۋەرسەڭ، ئۆزگىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالالمايسەن.

سۆز دېگەن ئىنسان ئۇچۇن كامالەتتۇر. ئاز سۆزلە، بىلمەي تۇرۇپ ۋالاقلىما.

گېپى تولا ئادەمگە يېقىنلاشما، قىلغان سۆزۈڭ ئاز، لېكىن ساز بولسۇن.

مەرد يوق كىشىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ.

ئىنساننى ئارقىسىدىن غاجاپ يۈرمە، غەيۋەت قىلساڭ تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىلىڭ شەھەر، سىرىڭ بىر مەھبۇس بولسۇن، مەھبۇس ئۇچۇن زىنداننى قاتتىق تۇتقىن.

تىلىڭنى ئەقلىڭ بىلەن تارتىپ يۈرسەڭ، قەلبىڭنى مەجلىس ئارا يورۇتىدۇ.

ئىچ سىرىڭنى ھەرگىز باشقىغا ئېيتما، ئۇمۇ باشقىلارغا ئېيتماي قويمايدۇ.

ئالتۇنۇڭ بولسا خەزىنىچىگە تاپشۇر، ئەمما سىرىڭنى دىلىڭدا پىنھان ساقلا. بىراۋلارغا چىديالماي سىرىڭنى دەپ قويساڭ، بالا تېرىپ بېشىڭنى تىنچ قويمايدۇ.

قىلغان ھەربىر سۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، بىلمىگىنىڭ توغرۇلۇق گەپ ئاچمىغىن.

ئاقىل بولساڭ، ئەقلىڭنى روشەن قىلىپ، گەپنى ئاز قىل، ھۆرمىتىڭنى ساقلىغىن.

دىل سىرىڭنى ئالدىراپ ئېچىپ قويما. ئۇنى خوپ بىلسەڭ، كېرەك چاغدا ئاچقىن. ئەگەر سىرىڭ ئەل ئىچىدە پاش بولسا، كېيىن ئۇنى قايتۇرۇۋالالمايسەن.

ئادەم سۆزلەر، ئەمما ھايۋان سۆزلىمەيدۇ. ئىچ سىرىڭنى ھايۋانغا ئېيتساڭ يايماس.

شاللاق مىجەز ئىنسانغا سىر بەرگۈچە، ھايۋان بولۇپ يۈرگىنىڭ ياخشىراق.

ئادەم ئۇچۇن ئەقىل بىلەن سۆز كېرەك. سەن ئەقىلسىز تۇتىدەك سۆز ئۆگەنمىگىن.

ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقى سۆز بىلەندۇر. خاتا سۆزنى قوي، ئەسلا سۆزلىمىگىن.

ھەر ئىنسان ئاساسى يوق سۆزلەپ يۈرسە، قىلغان سۆزى پۈتۈنلەي لاپ بولىدۇ.

جىسمىڭ ئارا كۆز ـ قۇلاق ھوشيار بولسۇن، ئېغىز سۆزگە، دىل ئەقىلگە يارالغان.

# ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

ھەرگىز ياخشىلىققا يامانلىق قىلما، ئاڭا زەرەر كەلتۈرمىكىڭ مەردلىك ئەمەس.

جاھاندىن ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ ئۆتىدۇ، خەلق ياخشىلارنى ئەسلەپ ماختايدۇ.

زوراۋان يامانلىقتىن قول ئۈزمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا ئەلدىن لەنەت ـ نەپرەت يانىدۇ.

ياخشىلارغا يان بەرمەك پايدىلىق بولسا، يامانغا سۆكۈت قىلىش زىيانلىقتۇر.

ياخشى كىشى يامانلىققا ماڭمايدۇ. يامان ھەر دائىم يامانلىققا ماڭىدۇ.

ئادەم يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئەلا، ئەمما يىرتقۇچ بولسا يامانلاردىن ئەۋزەلرەك.

ئۆمرىنى يامانلىقتا ئۆتكۈزمىسە، بەلكى لەنەتتىن خالاس بولالايدۇ.

ئۆلۈكمۇ ئۆز گۆرىدە تىنچ ياتار، ئەگەر ئۇندىن ئەل تىنچلىق تاپقان بولسا.

ياخشى كۆڭۈل زامان ـ زامانلار ئۆلمەس. يامانلار ئۆلۈپ كەتسە زىيان بولماس.

ئەگەر ئىنسان يىراق زاماننى كۆرسە، ھاياتىدا ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. باشاقچىنى ئىتىزلاردىن قوغلىغان، خامانىنى زىيان تارتماي ئالالمايدۇ.

دوستى يامانغا يامانلىقلار قىلار. ئارپىدىن ھەرگىزمۇ بۇغداي ئۇنۇپ چىقماس.

بۇ ھاياتتا دوستسىز قالاي دېمىسەڭ، دوستلىرىڭغا ئارقىدىن خەنجەر ئۇرما.

ساڭا ياۋلىق قىلغانلىغا شەپقەت قىلساڭ، ئاخىر ئۇمۇ يارانغا ئايلىنىدۇ.

يامانلارغا ياخشىلىق قىيىن ئىشتۇر.

زوراۋانغا شەپقەت قىلساڭ، ئەلگە زۇلۇم، رەھىمسىزلىك بولىدۇ.

جاھاننىڭ ئوت ئىچىدە كۆيگىنىدىن، ئوت قويغۇچىنىڭ ئۆزى كۆيسە ياخشىراق.

كىم ئوغرىغا مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ ئۆزى ئوغرى ياكى قاراقچى.

كىمكى يامانلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇندا يامانلىق بەتتەر ئەۋج ئالغاي.

ئەگەر ئۆزۈڭ مەرد بولساڭ، ئەقلىڭ ھەم بار بولسا، يامانلارغا ھەرگىز ئامانلىق بەرمە.

ئەگەر دۇنيادا ئىززەت تاپاي دېسەڭ، ئۆزگىلەرگە يامان كۆزدە باقمىغىن.

قەدىمىڭنى ھامان ياخشىلىققا قوي، مۇتتەھەم يامان سۆزنى تاپالمىسۇن.

ياخشىلىقنىڭ قۇياشىدىن نۇر ئالغان كىشى بىراۋلارنىڭ ئىشىغا قىزىقمايدۇ.

ياخشىلارنىڭ كەينىدىن ھەرگىز قالما، شۇندا كۆرەر كۆنۈڭ كۆڭۈللۈك بولار.

# بىلىم، ئەقىل ـ ئىدراك ھەققىدە ھېكمەتكەر

ئەقىللىقلار ھامان سەۋرلىك بولىدۇ، ئەھدىنى نادانلىقتا قۇربان قىلمايدۇ.

ئەقىللىقلار چىن ئىنسان بولالايدۇ، قانخورلارنى ئىنسان دېيىش نە كېرەك؟

ئەقىلىڭ بار بولسا مەنىلەرگە ئېرىش، سۈرەت كېتىپ مۇكەممەل مەنە قالار.

ئەقلىڭ بولسا پىكىردە ئوچۇق بول.

بېشىمدا ئەقىل ـ ئىدراك بولسا بولدى، سەللە بىلەن كاتتىلىق نېمە ھاجەت؟ ئىنسان قەدرى سەللە ئارقىلىق ئەمەس، ساقال بىلەن سەللىدىن مەغرۇر بولما، ساقال — كوكات، سەللە دېگەن ئاق پاختا.

ئىنسان ئىلىم بىلەن پەزىلەت تاپسۇن.

كىمكى ئىلىم ـ بىلىم بەھرىنى خىلۋەتتە قوبۇل قىلسا، كۆپ بەختىيار بولۇر.

## دوست ـ دۇشمەنلىك ھەققىدە ھېكمەتلەر

دۇشمىنىڭ كىچىككىنە نۇقسان تاپسا، چىقىپ شاھنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ.

دۇشمىنىڭنىڭ ماقۇل سۆزى يالغاندۇر.

راست سۆزلىسەڭ ھۆرمىتىڭ ئاشار.

لەشكىرىڭ كۆپ، ئۆزۈڭ باتۇر بولساڭمۇ، دۇشمىنىڭگە ھۇجۇم قىلىپ قان تۆكمە، ئاجىز دۇشمەن قورغانغا بېكىنىدۇ.

ئەگەر دوستۇڭ زىنداندا ياتقان بولسا، سەن سەيلىنى ئىختىيار قىلالامسەن؟

دوست ـ يارەنلەر مەنزىلگە يېتىپ بارار، ئەمما مەدەت بەرگۈچىلەر يېتەلمەس.

خاتالىقىڭنى دۇشمىنىڭدىن ئاڭلىغىن، ھەممە ئىشىڭ دوستلارنى رازى قىلار.

ئالدامچىلار ماختىسىلا دوست ئەمەس.

نەسىھەتچى سۆرۈن چىراي كىشىلەر شېرىن سۆزلۈك

دوستلىرىڭدىن ياخشىراق، ئەگەر نەسىھەت ئاڭلىماقچى ئىشتىراك قىلساڭ، توغرا يولنى تېپىپ بېرەر.

يوللىرىڭدا ئورا قېزىپ قويۇلسا، پەقەت دوستۇڭ سېنى خەۋەردار قىلار.

ئىشىڭ ئەقىل ـ تەدبىر بىلەن ھەل بولسا، جەڭدە سەن دۈشمەن بىلەن ياراش قىلغىن.

دوستۇڭدىن دۈشمەنلىرىڭ كۆپ بولسا، دوست ئېچىنىپ، دۈشمەنلەر شاد بولىدۇ.

ئاداۋەتكە مېھرىبانلىق يار بولماس.

ئەگەر دۈشمەن ساڭا جاھىللىق قىلسا، ئەقىل ۋە چارە تېپىپ بېشىنى ئال، ياۋ ئىچىگە نىزا چۈشسە قىلىچىڭنى غىلاپقا سېلىپ ئارام ئال.

دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى دوستۇڭ بولسۇن، شۇندىلا ياۋ ئازابقا توشۇپ قالار.

بۆرىلەر بىر ـ بىرىنى تالاپ قالسا، مۇشۇ پۇرسەتتە قويلار ئارام ئالار، ئىككى ياۋلىك ئۆزئارا تالاش قىلسا، دوستلار ئىناق ـ ھۆرمەتتە ياشار.

دىل ئوۋلاشنى بىلسەڭ، كۆپ مەردلەر ئۆزى كېلىپ ئايىغىڭغا باش قويار.

دۈشمىنىڭنىڭ تۇغقىنىنى دوستلۇق قىلسا، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە، ئېھتىيات قىل.

ئەگەردە ھەركىم ئۆز دوستىنى دۈشمەن بىلسە، ياۋىدىن يېڭىلىدۇ.

ياۋلىرىڭ كامال تاپسا، ئۆزۈڭ ھېچقاچان روناق تاپالمايسەن.

كىمكى يۈزۈڭگە ئەيىبىڭنى سالسا، ئاشۇ ئادەم سېنىڭ قىممەتلىك دوستۇڭ.

سەن ئەگەر ياۋىڭنى سەمرىتىسەڭ، پۇرسەت تېپىپ قارنىڭنى يېرىپ كېتەر.

ئاقىل بولساڭ دوستلىرىڭدىن ۋاز كەچمە، شۇندا دۈشمەن سەندىن ئۆچ ئالالماس.

ھەركىشىكىم دوست كۆڭلىنى رەنجىتسە، دۈشمەنلىرى پوستىنى شىلىپ كېتەر.

دىلداش بولۇپ دوستىنى مەھكەم تۇتسا، دۈشمەنىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىدۇ.

دوستلۇق ئەھدىنى شىكەستە ئەيلىگەن يار: «گەر چۈش كۆرسەڭ چۈشۈڭدە مەن بىلەن سەن بار»دېدى.

## ئىشق ـ مۇھەببەت، ئاياللار ھەققىدە ھېكمەتلەر

ئەگەر كۆڭلۈڭگە ئىشق چۈشۈپ قالسا، شۇنىڭدىن باشلاپ سەۋرۇئارامىڭ تۈگەر. يارنىڭ ھۆسنى كۆزلىرىڭگە كۆرۈنۈپ، ئۇخلىماققا ئامالىڭ بولماي قالار. پۈتلىرىڭغا باش قويۇپ يالۋۇرسەن، جاھانمۇ كۆزلىرىڭگە كۆرۈنمەيدۇ. ئالتۇن تۆكسەڭ ئۇ نەزەر سالماي قالسا، ئۇ سامانمۇ ـ ئالتۇنمۇ بىلەلمەيسەن؟ ئۇ بار جايدا دىلىڭغا باشقا يار سىغماس، ئۆزگە بىلەن ھەمنەپەس بولالمايسەن. سەۋر ـ تاقىتىڭ ئۈزلۈكۈڭدە بولماس. رەسۋالىقتىن غەم يېمەس بولۇپ قالىسەن. جان سورىسا جېنىڭنى ئايىمايسەن، قىلىچ ئۇرسا بېشىڭنى تۇتۇپ بېرىسەن.

ئەگەر يارى جان بىلەن ئويناشسىمۇ، مەرد يىگىت ئۆز ئىشقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

ئېرىڭ قانچە نامرات بولسىمۇ، ئاخىرى مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى باش ئەگدۈرەر.

ئەگەر كىشى جۇنۇن ھالىغا چۈشسە، ھوش ـ كاللىسى

جايىغا يېنىپ كەلمەس.

ئىشق ئالدىدا ئەقىل نېمە قىلسۇن، ئىشق ـــ توپچى، ئەقىل بولسا يۇگۇرۇك توپ.

تۆگىنىڭمۇ ھەۋىسى بار، ئەگەر ئادەمنىڭ ئىشقى بولمىسا، ئېشەك دېگىن.

ئاشىق بولساڭ كۆلپەتلەردىن قاچمىغىن.

ئايالىڭنىڭ ئەقلى جايىدا بولسا، گاداي بولساڭ شاھ قىلىشى ئېھتىمال.

يارىڭ كۆڭلۈڭگە مۇۋاپىق ئۈز بولسا، زەپەر تاپتىم دەپ ئويلىغىن، خۇشال بول.

يارىڭ تۇنلىرى غەمگۇزارىڭ بولسا، كۈنى بىلەن يېگەن غەم ھېچ گەپ ئەمەس.

يارىڭ ساڭا ئىناق، ھەم گۈزەل بولسا، مۇرادىڭغا يەتكىنىڭ شۇ ئەمەسمۇ؟

كۆڭلى تۈزۈك خوتۇنلار سەت بولسىمۇ، خۇلقى ئەسكى چىرايلىقتىن كۆپ ئەۋزەل.

ياخشى ئايال سىركىنى ھالۋا دەيدۇ، ھالۋا يەپمۇ ئىرىگە ئاچچىقلىماس.

ئايالىڭ ياخشى بولسا دىل ئارامى، ھەرگىز يامان خوتۇن ئىلكىگە چۈشۈپ قالما.

ئايالىڭ يامان بولسا تاشلاپ كەتكىن ياكى ئاڭا بېشىڭنى مۇلايىم ئەگ.
كەش تار بولسا كىيمىگىنىڭ ياخشىراق، جېدەل تولا بولسا ئۆيۈڭدە تۇرما.

خوتۇنۇڭ يامان بولسا، سەپەرگە چىقساڭ سېنىڭدە ھېيت كەيپى پەيدا بولار.

يامان خوتۇن جېدەل ۋە چۇقان قىلسا، شاد ـ خۇراملىق ئىشىكى تاقىلىدۇ.

(خوتۇن) ئەگەر يامان نىيەت ۋە نادان بولسا، خوتۇن ئەمەس، بەلكى بېشىڭغا بالا بولار.

يامان خوتۇن ئەر ئۈچۈن ئازاب بولار، تۈز نىيەتلىك ياخشى خوتۇن يار بولار.

گۈلگە كۆڭۈل باغلىما بىكار كېتەر، باشقا بۇلبۇل ئۇندىن

خۇش پۇراق ئالۇر.

مۇبادا كوچا ـ كويغا كۆز تاشلىساڭ، ئۆز ئۆيۈڭدە بەرباتلىق يۈز بېرىدۇ.

گۈلدەك ئېچىلىپ يۈرمە، غۇنچە بولغىن، خوتۇن مېھرى ئاۋاتلىق كەلتۈرىدۇ.

گۈزەل ھەر بەزمىنىڭ چىرىغى بولسا، ئۇنىڭ پەرۋانىسى بولما، يىراق قاچ.

# تەلىم ـ تەربىيە ھەققىدە ھېكمەتلەر

نەسىھەت چۈشەنگەنگە نەپ بېرىدۇ.

دىلىڭنىڭ رەنجىشىنى خالىمىساڭ، باشقا دىلى سۇنۇقلاردىن خەۋەر ئال. ئەگەر زەر بولسا ئەل بېشىغا چاچقىن، ئەتە ئاچقۇچۇڭ ئۆز قولۇڭدا بولماس.

توق بولساڭ موھتاجلارنىڭ غېمىنى يە، ئۆزۈڭگىمۇ موھتاجلىق كېلىپ قالار. ئاچ ـ زېرىنىنىڭ كۆڭلىنى شاد ئويلىغىن، ئۆزۈڭگىمۇ بۇ ئاچلىق دۇچ كېلىدۇ.

مەرد ئادەملەر نەپسىدىن ۋاز كېچىپ ھالاللىقتىن، ئىززەتتىن زەپەر تاپىدۇ.

باشقىلارنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلغۇچە، ئۆزۈڭنى ئۇر ۋە گۆدەكتەك تۈزەتكىن.

ئۆزۈڭنىڭ تىزگىنىڭنى تۇتالمىساڭ ياۋ غەم يېمەس، تەسىرىڭ ئارتۇق بولماس.

تەكەببۇرلۇق، ئوغرىلىقتۇر يامانلىق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىيگى تارىيسى

ھېرىس - شەھۋەت سېنى پايلاپ يۈرىدۇ. تومۇرۇڭدا قان، تېنىڭدە جان بولۇپ.

ئەقىل مۇشتۇك ۋۇجۇدۇڭدىكى كىبىرلىكنى مۇشتلاپ تۇرسا، غىڭ قىلالماس.

ئۆلگەندە ياخشى نامىم قالسۇن دېسەڭ، ئوغلۇڭغا ھۈنەر ئۆگەت. ئوغلۇڭدا بىلىم بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى - دىتى بولمىسا، بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا نىشان قالماس.

ئاتا - ئانا ئەركىلىتىپ چوڭ قىلسا، كېيىن ئوغۇل يامان جاپاغا قالار.

سەندە ئالتۇن ھارۇنچە بولغاندىمۇ، ئۆز ئوغلۇڭنى ھۈنەرسىز قالدۇرمىغىن.

ئالتۇن - كۈمۈش ھەميانى بوشاپ قالار، ئەمما ھۈنەرۋەننىڭ بەلۋېغى بوشىمايدۇ.

ھۈنەر بولسا كىشى كەمبەغەل بولماس.

سەن ئەلگە ئىتائەتلىك خىزمەت قىلساڭ، كۆپ ئۆتمەستىن ئەلمۇ ئىتائەت قىلار.

ئۇستازىنىڭ ئازابىنى چەكمىگەن، «بوستان» دىن خاراب بولۇش يولىغا كىرىپ قالار.

(ئوغلۇڭنى) يامان ئۇستازغا شاگىرتلىققا بەرمە، يامان خۇلقنى قوشۇپ ئۆگىتىدۇ.

پەرزەنتىڭ ساياقلارغا ئۇلپەت بولسا، ئۇنىڭدىن يىراق بول، ئۇمىدىڭنى ئۈزگىن.

نادان، ئەبلەخ، ساياق بولغان ئوغۇللار ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلسە ياخشىراق.

بىلىمنى يەككە قويۇش ياخشى ئەمەس، كۆرمىگەن يول مۇشكۇللۇك كەلتۇرىدۇ.

# هاياتلىق مۇساپىسى ھەققىدە ھېكمەتلەر

كىمكى ئەلگە زىيان سالسا، ئاخىر ئۆزىمۇ خانىۋەيران بولىدۇ.

بىرەر جاينىڭ يامانلىقتا نامى چىقسا، چېچەن ئادەم ئاڭا قەدەم قويمايدۇ.

مۇساپىرنى ياخشى كۈتۈپ ھۆرمەتلىسەڭ، ئۆز يۇرتىدا سېنى ياخشى ئويلايدۇ.

ئەگەر قايسى جايدا غېرىب خورلانسا، شۇ جاي خاراب ماكانغا ئايلىنىدۇ.

سەن ئۆزۈڭنى سەيياھلارغا يېقىن تۇتساڭ، ئۇلار بىلەن نامىڭ ھەرقاياقلارغا تارقىلىدۇ.

مېھمان ۋە مۇساپىرغا يار بولۇش بىلەن بىرگە، ساختىلاردىن ھوشيارراق بول.

ناتونۇشتىن ھەزەر قىلغان ياخشىدۇر. ياۋمۇ بەزىدە دوستتەك كۆرۈنىدۇ.

كىمكى ئىززەت قىلغان قەدىردانىڭ بولسا، ئۇنىڭ قەلبىدە ھىيلە ـ مىكىر بولماس.

سەن بوشاشساڭ، دۈشمىنىڭ كۈچەپ قالار. غەزەپلەنسەڭ، شۇئانلا چىكىنەر.

دۇنيادا ئادەم ئۆمرى باقىي ئەمەس، ئۇنىڭدىن قالىدىغىنى ياخشى ئىشى ۋە نامى. ئۆلگىنىدە ھېچ نام ـ نىشان قالمىسا، «رەھمەت»دېيىشىمۇ ساڭا ئەرزىمەيدۇ.

جاھاندىن ئېتىم ئۆچمەي ئۆتەي دېسەڭ، دائىم ئۇلۇغلارنى يادىڭدا تۇتقىن.

تۇنجى گۇناھ ئۇقماسلىقتىن بولىدۇ، ئۆزرە ئېيتىپ قالسا ئۇنى ئەپۇ قىل، گۇناھىغا توۋا قىلسا كۈپايە.

ساختىپەزلەر ئەھلىنى ئۇلۇغلىساڭ، كۆپ ۋاقىت سېنى دەرد ـ ئەلەمدە قويار.

بىر ئادەمنى كۆپ ۋاقىت سىنىماستىن، ئېنىق ئەھۋالغا ئېرىشمىگىچە قىيىن.

كۆڭلۈڭنىڭ رەنجىشىنى ئىستىمىسەڭ، سەن زىنھار باشقىلارنى رەنجىتمىگىن.

يۈكسەك نىيەتتە بولساڭ، غەپلەتتە ياتما. ئۇلۇغلارغا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىغەم ئۆيقۇ هارامدۇر.

ئازار بەرگۈچىدىن ئىت ياخشى.

دۈشمىنىڭگە كار قىلمىغان قورالنىڭ ئۆز قولۇڭدا سۇنغىنى ياخشىراقتۇر.

ئەگەر قەلەمگە قىلىچ تەڭلەپ تۇرساڭ، ئۇمۇ ئىنسان قەلبىنى تىترىتىدۇ.

قېرى ئادەم هامان تەدبىرلىك بولار، ئۇلارنىڭ پىكرىدىن باش تارتمىغىن، قېرى ئەقىل، ياشلار قىلىچ ئىشلەتسە يۇكسەك تۆمۈر قەلئەلەرمۇ ئاغدۇرۇلار.

ياشلار شىرنىمۇ، پىلنىمۇ يېڭەلەيدۇ، بىراق تۈلكە داستانىدىن بىخەۋەر.

ئاتام پۈت دەسسەپ هايات تۇرغىنىدا، شاھ ئىدىمكى، بېشىم ئۆزرە تاجىم بار ئىدى. يۈزۈمگە بىرەر پاشا قونۇپ قالسا هەتتا قولۇم - قوشنىلارمۇ ئەنسىرەيتتى. مانا ئەمدى دۈشمەن ئەسىر قىلسا هېچكىم يۈرەكلىك ياردەم بېرەلمەيدۇ.

توق كۆنلەردە ئاچلىقنىمۇ خىيال قىل. ئىدىشلارنى سۇ بىلەن توشقۇزۇپ قوي، ئېرىقتا سۇ قالماسلىقى ئېھتىمال.

قولۇڭ ئۇزۇن بولسا، مۈشكۈلۈڭ ئاسان، دۆۋلەرمۇ هەم

سەندىن تەپ تارتىدۇ.

ئەگەر شىردەك پالۋان بولغان بولساڭ، تۈلكە مىجەز بولۇپ ئاجىز ئۆتمىگىن.

ئىرادىدىن سائادەت بىنا بولۇر.

كۆڭلۈك كاتتىلاردىن ئازار يېگەن بولسا، كىچىكلەرگە ھەرگىز قوپاللىق قىلما.

بىراۋ ئەيىبىڭنى ئېيتسا خاپا بولما، تۆھمەت قىلسا ئاندىن پەندىيات ئەيلە.

باشقىلاردىن ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتقىن، شۇندا ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك بولالايسەن.

ئۆزىنى پاك كۆرسەتكۈچى ئىپلاستىن، بىلسەڭ ئاقىل قاراقچى ياخشىراق.

ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى نام ئىزدەر بولساڭ پەرداز قىلىپ يۈرمە.

ئەقلى توشقان، پىكرى پىشقان ئالىمۇ ناگىھان ئۆز يولىدا خاتا قىلار.

يامان كۈننى ئۆز بېشىدىن كەچمىگەن، ياخشى كۈنلەر

قەدرىنى بىلەلمەيدۇ.

ئۆزىگە توق باي ئادەم قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق قەھرىنى سېزەلمەيدۇ.

سۇ قەدرىنى كېمىچىدىن سورىماي، ئۇنى چۆلدە قالغان تەشنادىن سورا.

دۇنيادىن كېسەل بولماي ئۆتۈپ كەتسە، كىشى سالامەتلىك قەدرىنى بىلمەس.

ئەگەر ئاستىڭدا ئۇچار تۇلپار بولسا، پىيادىلەر بارىنى ئۇنتۇمىغىن.

بۇزۇق نىيەت قولۇڭغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنى قويۇپ بېرىپ تىرىك قالدۇرساڭ، ھامان ھايات يولۇڭغا تەھدىت سالار.

دۈشمىنىڭ سەندىن كۆرە ئۇستا بولسا، ئوق ئاتمىغىن.

يېشىڭ بوۋاق يەتمىشكە يېتىپ قالدى. كەچمىشىڭنى ئەسلەپ دىلىڭ يىغلايدۇ. گەر ئەللىكتىن بەش دىرەم كېمىيىپ قالسا، غەم يۈرەكنى بەش قول بىلەن تىلغايدۇ.

يىگىتلىك ـــ شاد ـ خۇراملىق مەۋسۇمىدۇر.

يىگىتلىكىڭ ئالدىراپ ئۆتكەن بولسا، ياشانغاندا ئەقىل

بىلەن ئىش كۆرگىن.

قۇۋۋىتىڭ بار، مەيدان ئەگەر كەڭ بولسا، سەن ھەركىمنىڭ كۈچۈڭنى نامايان قىل.

ئەگەر ئۆمرۈڭ خامان ئېلىش بولسا، زىرائەتنى ۋاقتىدا پەرۋىش قىل.

كېچەڭ ئۆتتى، ئەتەڭ نېمە بولىدۇ، پەقەت بۈگۈن ئۆزۈڭدىدۇر.

دائىم پۇل - مال يىغماق بولغان بىلەن ئۆمرۈڭنىڭ دەسمايىسى سەرپ بولار.

ياۋۇڭ ئۆلۈپ، ئۆزۈڭ ئارقىدا قالساڭ، بۇ دۇنيادا يىغلاشنىڭ ئورنى قالماس.

ئاگاھ بولغىن، جاھان ئۆزى بىر نەپەس، ئالىملارنىڭ بىر نەپىسى بىر جاھان.

سەن ئۆمرۈڭنى ئەقىل - پەم بىلەن ئۆتكۈزگىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يېمەك - ئىچمەك ھەققىدە ھېكمەتلەر

ھالال تېپىپ دوستلار بىلەن بىللە يە، بىراۋلارنىڭ سارقىتىنى كۈتمىگىن. ئىشلىمەستىن چىشلىمىسە، مەردلىك بولماس، ھالال ئىشلەپ ياخشى ياشاشنى ئۆگەن.

ئۆزگىنىڭ ھالۋىسىدىن ئۆزۈڭنىڭ ئاچچىق سىركىسى ياخشىراق.

قانائەت قىل، قانائەت قىل ھەي نەپس، شاھ - گادىينى كۆرگىن بىردەك باراۋەر.

نەپسىڭ ئۈچۈن بارىڭنى سەرپ قىلساڭ، قارنىڭنى دۈمباق قىلىپ تىلەمچى بول.

ئاقىل بولساڭ نەپسىڭنى خار ئەيلىگىن، ئەمما ئاڭا ئۆزۈڭ خار بولۇپ قالما.

نەپسىڭ يېگىن دېگەننىلا يەۋەرسەڭ، كېيىن كۈننى ئۆتكۈزمىگىڭ تەس بولار.

قارنىڭنى ھە دېگەندە قويۇپ بەرسەڭ، كېيىن دائىم

تاپالمساڭ دەرد بولار.

تۆكۈن - چېچىن ۋاقتىدا ئازراق يېسەڭ، ئاچلىق ۋە كۆلپەت كەلسە چىدىيالايسەن.

كۆپ يېگەنلەر قېرىن يۇكى توشۇيدۇ.

ئاقىل بولساڭ تېنىڭنى سەمرىتمىگىن، سەمرىپ كېتىش ئۆلگەن بىلەن باراۋەر.

توق قورساقتا ئارتۇق بىلىم سىغمايدۇ. ئاقىل بولساڭ دائىم سەن ھۈنەر ئىزدە.

ئەگەر ئىنسان خىسلىتى توغرا بولسا، كىشى ھەرگىز نەپسىنى قوغلاشمايدۇ.

يېيىش، ئۇخلاش — تىلسىز ھايۋاننىڭ ئىشى، مۇنداق ھايۋان كەسپىنى ھەرگىز قىلما.

ئادەم بولساڭ ھەۋەس قىلىپ كۆپ يېمە.

توق قورساق ھېكمەتلەرگە ئورۇن بەرمەس.

بەزەن چاغدا ھۆركىرىگەن شىرلارمۇ نەپسى ئۇچۈن تۇزاقتا چۈشۈپ قالار.

سەن نانغا چاشقان كەبى ئېتىلمىغىن، قاپقانغا چۈشۈپ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قېلىشىڭنى ئويلا.

ئاچ كۆزلەر ھامان خىجالەتتە يۈرەر.

ئۆزۈڭنى تۈت، قورساق تامام تويىدۇ. پەقەت گۆردە تويىنى توشقۇزغاندا.

ئاچ بولساڭ ھەرگىز تاماق تاللىمايسەن. نىمە يېسەڭ قورساق شۇندا تويغۇسى.

تەر تۆكۈپ ئارپا نىنى تېپىپ يېسەم، ئۇ ئۆزگىنىڭ گاژ ـ گۈژىغا قۇلاق سېلىپ ئۇخلىمايدۇ.

بۈگۈن ھەسەل ئىزدەپ چىقىپ ئوق يېدىم، قانائەتلىك بولسام بۇ كۈن يوق ئىدى.

## باي ـ كەمبەغەللىك ھەققىدە ھېكمەتلەر

بۇ دۇنيادا ھېچكىم باقىي قالمايدۇ. كۆمگەندە ئۆلمىسەم دەپ ئېيتالمايدۇ. ھەر كىشىنىڭ تاپقان مال ـ مۈلكى ئاخىر ئۆزى ئۆلگەندە پايمال بولىدۇ.

ئويلاپ قويغىن، ئۆزۈڭ ئۆلگەن كۈنۈڭلا ئوغۇل ـ قىزدا مىراس ئىشتىياق قوزغار. بايلىق بولسا ئەلگە بەرگىن — ئۆلگەندە بايلىققۇ بار، بىراق ئۇ سېنىڭ ئەمەس.

سەن ياخشى دېسە، بارۇ يوقنى تۆكمە. ۋاقتى كەلسە بىر تېيىنمۇ تاپالمايسەن. خەيرىڭ بىلەن دىۋانە تويۇپ كەتمەس، ئۆزۈڭنىڭ ئاچ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغىن.

بۇ دۇنيادا بايلىق دېگەن قانائەت.

## مەردلىك ـ سېخىيلىق ھەققىدە ھېكمەتلەر

ھامان يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، پۇتلىرىغا تىكەن كىرسە دەرھال ئال.

بىراۋغا خەير بەرسەڭ غۇرۇرلانما. مەن ئۇلۇغ دەپ ھەرگىز مىننەتتە بولما. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ئىشلەپ تاپقىن، پەقەت مېھنەتتە قەدرىڭ يۈكسەك بولار.

ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ ئېھسان قىل. بەرمىگەندىن بەرگىنىڭ ياخشىراقتۇر.

بىراۋ سەندىن كۆرە ئاجىزراق بولسا، بىراۋ سەندىن كۆرە پالۋان بولۇر. ۋەھشىيلەرنى ئوۋلاش ئۈچۈن كۈچ كېرەك بولغىنىدەك، كۆڭۈللەرنى ئوۋلاشقا ئېھسان كېرەك.

ئېھساننىڭ زەنجىرىنى تىغ كېسەلمەس. ياۋ بوينىنى باغلاشقا ھەرىكەت قىلغىن.

ئېھسان قىلساڭ ۋەھشىي پىلمۇ كۆنۈكۈپ، مۇلايىم ئىگىسىگە بويسۇنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاقىل كىشى هامان ھەممەتلىك بولۇر، بېخىل ئادەم كۈلپەتلىك كۈن ئۆتكۈزەر.

مەرد كىشى ئېھسان بىلەن يۈز تاپىدۇ.

سېخىي، مەردنىڭ قولىدا زەر تۇرامدۇ؟ ئىنسان زەرنى خەجلەش ئۈچۈن يىغىدۇ.

ئالتۇنى بار بېخىل باي مىسالى ئالتۇنلارنى بېسىپ ياتقان چوڭ يىلاندۇر.

بېخىل ئادەم يىلاندەك تىترەيدۇ. ئالتۇن بولسا ئۇزاق يىللار ساقلىنىدۇ.

قۇرتلارغا يەم بولۇشتىن ئىلگىرى، چۈمۈلىدەك توشۇپ توپلا ھەم يىگىن.

ئىلتىپاتنى، ئېھساننى ياخشى دېدۇق، بىراق ئۇچرىغاننى خۇش قىلىۋەرمە.

كەم ئاجىزلارغا مېھرىبانلىق قىلسا، ئۇنى ئۇلۇغلاپ ھۆرمەت ئىزھار قىل.

باتۇرلار ياۋغا ئەسىر بولۇپ قالسا، ئامال قىلىپ ئۆز جېنىنى ساقلايدۇ.

# پەلسەپىۋى جاۋاھىراتلار ھەققىدە ھېكمەتلەر

بەدەخشاننىڭ لەئلىسى ئوڭغاي سۇنىدۇ، سۇندىمۇ بولىدى، ھېچقاچان پۈتۈن بولماس.

ئوت قويۇشقا بىر تال ئۇچقۇن كۇپايە، ئوت تۇتاشسا دەرەخنىمۇ قويمايدۇ.

بىر رەزىلنى پاناھىمدا ساقلىغاچ، ئاخىر خىيانەتنىڭ قۇربانى بولدۇم.

ماتا غېمى بىلەن بولغان كارۋانلار ھارغان ئېشەكنى ئويلاشتا بولماس.

سەن كېسەل باققان ئادەمنى ساق دەمسەن؟ ئۇنىڭ كۈنى كېسەلدىنمۇ تەس بولىدۇ.

قەنتقۇ تاتلىق، لېكىن ئاغرىققا زىيان قىلار، دورا ئاچچىق ئەمما كېسەلگە شىپادۇر.

يولدىن ئازغانغا يولۇڭ توغرا دېسەڭ، ئاڭا جاپا بەلكى زۇلۇم بولىدۇ.

مەرپەتنىڭ ئەلگىكىدىن ئۆتكەن سۆزگە قۇلاق سالساڭ ساڭا مەنپەئەت بېرەر.

ئۆلۈم ئىشىكىگە بارغاندا ھەر ئىككىلىمىز باراۋەر بولۇپ قالىمىز.

يول توسۇماقچى بولساڭ، تۈندە ھوشيار بول، بەلكى ياۋىڭ پىستىرمىدا پايلايدۇ.

شىر جېنىڭنى پەقەت شىرلا بىلىدۇ.

چوڭ ئىشلارنى كىچىككە تاپشۇرمىغىن، سەندالنى مۇشت ياكى چىش ئېزەلمەيدۇ.

سىنالمىغان ئەرگە ئۆلۈغ ئىش بېرىش جاھاننى خاراب قىلىپ تاشلار.

مۇشۇك باقساڭ كەپتىرىڭنى يەپ قويار، بۆرە باقساڭ ھەرگىز مال توسۇپ يۈرمە.

يىلان ئۇچرىسا تاياق ئىزدەپ يۈرمە، قولۇڭغا تاش چىقسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.

دولقۇنلىغان دەرياغا يېقىن بارما، بارغان بولساڭ جېنىڭدىن ئۈمىد ئۈزگىن.

پىيازنىڭ ھەممە يېرى پوست بولسىمۇ، ئۇ پىستە كەبى

مېغىزىم توق دەپ ئويلايدۇ.

ھەركىمنىڭ ئىززىتى ئۆز ھالىچە بولىدۇ. ھەركىم تۆردە بەھۇزۇر ئولتۇرالماس.

شىر بولمىساڭ شىرمەن دەپ دەۋا قىلما ھەم ئۆزۈڭنى كۆرگەنگە تەڭلەشتۈرمە.

ئەگەر ئادەم بولسا سېنىڭ سۈرىتىڭ، سۈرەت دېگەن جىم تۇرغىنى ياخشىراق.

ئېگىز ئۆسكەن قومۇشنىڭ ھېچ تەمى يوق. پەقەت شېكەر قومۇشى تاتلىق بولۇر.

كوكات لالىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆسكەندىمۇ، ھەرگىز لالە بولۇپ قالمايدۇ.

ئېشەك يىپەك كىيسىمۇ يەنە ئېشەك.

پۇل بازارنى مۆھتەرەم قىلالمايدۇ.

خاپا بولغان كىشى دۈشمەن قولىغا چۈشكەندىمۇ بوشاشماي قوپال سۆزلەيدۇ.

سۆزگە كەلسە پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياۋنى بىر تالاي بولسىمۇ مات قىل.

باشقا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ئىت پۇتىغا چىشىمنى تەگكۈزمەيمەن. چۈنكى، مەن ئادەم ـ دە!

ئەگەر بىراۋ مۈشۈكنى سېسىق دېسە، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئېھتىيات قىلىپ يۈرمە.

ئەگەر ئۆز قولۇڭدا ئاچقۇچ بولمىسا، ماڭغان يولۇڭدا بەخت ـ تەلەي بولماس.

ئۇچرىغانلا سەدەپتىن دۇر چىقمايدۇ. ئاتقان ئوقۇڭ ھەر نۆۋەت تېگىۋەرمەس.

تەڭگەڭگە ئالتۇن سۈيى يۈگۈرتمىگىن، ئۇنىڭ قەدرى دانا ئۇچۇن بىر تىيىن.

قۇرۇق تاشتىن زىرائەت ئۈنۈپ چىقماس.

زۇلمەتنىمۇ، نۇرنىمۇ بىلەلمىسە، دېۋە بىلەن پەرىنى پەرق قىلالماس.

ئەگەر راسا ئۈيقۇسى كېلىپ كەتسە، بەزەن كىشىگە تاشمۇ ياستۇق بولار.

ئۆزۈڭ ئاۋۋال بۇلاقنى ئەتمەي قويساڭ، سۇلار كەلگۈن بولۇپ سايىنى بويلايدۇ.

ھەر ئادەم ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلار.

بۇغداي تېرىساڭ ئارپا ئۈنۈپ چىقمايدۇ.

باغ ئىچىدە گۈلنى ئۈزۈپ شاد بولساڭ، تىكەن دەردىنى تارتماي قالامتىڭمۇ؟

مېۋە يەيمەن دەپ دەرەخكە ياماشساڭ، قوللىرىڭنى تىلىۋەتسە داد دېمە!

تىكەن دائىم گۈل بىلەن بىللە ئۆسەر، گۈلنى ئالغىن، تىكەننى قالدۇرۇپ قوي.

كېپەندە قارا يەرگە كىرىپ ياتساڭ، قۇرتقىمۇ ماجالىڭ يەتمەي قالار.

قارا تۈن قانچە ئۇزۇن بولغان بىلەن، ئۇنى قاتتىق ئۇخلىغانلار بىلمەيدۇ.

تاشتىن ۋاپا ئىزدىمەك كۆپ خاتا.

يوشۇرمىساڭ بەزەن ھەقمۇ ئاقمايدۇ.

مايسا چېغى ياشناپ ئۆسكەن ھەر باشاق سارغايغاندا ئوڭاي سۇنۇپ كېتىدۇ.

قۇياشمۇ پاتار تاغدا سارغىيىدۇ.

ئۇرۇق چاچماي، خامان ئالالمايسەن.